
10
1989
شىنجاڭ ئاياللىرى
新 疆 妇 女

# ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق دۆلىتىمىز
# قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى



ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-قېتىملىق يىغىنىدا، قىرغىز ئايال ۋەكىللەر پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ...دىكى رەھبىرى يولداشلار، جەنۇبىي سەپتە ئۇرۇشقا ...ئاتلىنىشۋاتقان قىسىملارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن ...ال سوراپ، ئۇلارنى پەرزەنتلىرىنى ئوبدان تەر- ...بىيىلەپ، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرى- ...تى ئارقىلىق ئەرلىرىنى قوللاشقا رىغبەتلەندۈردى



ئۈرۈمچى شەھەرلىك پايپاق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى خۇا شۈيجېن (ئوتتۇردا) زاۋۇتنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كارخانا باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئارقىدا قالغان كارخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.



قۇتۇبى ناھىيىلىك دوستلۇق كىيىم-كېچەك كارخانىسى چەت ئەلدىن ئالىي دەرىجىلىك كۆينەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزۈپ ئاكتىپلىق بىلەن دۆلەتكە ئاشقى پىرووۋت توپلاپ بەردى.

فەن خاۋ، ۋاڭ ۋېيجۇن فوتوسى

# ئاياللار — يوشۇرۇن ئىختىساسلىقلار خەزىنىسى

## — نوبېل مۇكاپاتىدىن ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىغا بىر نەزەر

نوبېل مۇكاپاتى 1901-يىلى تارقىتىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئىلىم-پەن يولىدا شىجائەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇھىم تۆھپىلەرنى ياراتقان نۇرغۇن ئالىملار مۇكاپاتلاندى، ئۇلار 20-ئەسىردىن بۇيانقى پەن-تېخنىكىنىڭ ئاساسلىق تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلىپ 1981-يىلغىچە بولغان 81 يىل ئىچىدە 350 ئالىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە نەپەر ئايال ئالىم بار. بۇ ئايال ئالىملار: كيۇرى خانىم، ئېرى پيېر كيۇرى بىلەن بىرلىكتە رادىئوئاكتىپ ماددا ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ پولونىي بىلەن رادىينى تاپقانلىقى ئۈچۈن 1913-يىلى فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، دۇنيا بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئايال ئالىم بولدى. 1911-يىلى ئۇ يەنە رادىينى ئايرىپ چىقارغانلىقى ھەمدە رادىينىڭ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلغانلىقى ئۈچۈن خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ دۇنيا بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئىككى قېتىم ئېرىشكەن ئايال ئالىم بولدى. ئۇنىڭ قىزى ئىرىن جولىئو كيۇرى ئانىسىنىڭ رادىئوئاكتىپ ماددا ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئېرى جولىئو كيۇرى بىلەن بىرلىكتە 1935-يىلى خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئامېرىكىلىق بىئوخىمىيە ئالىمى كورى خانىم 1947-يىلى ئەر-خوتۇن بىرلىكتە مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئامېرىكىلىق فىزىكا ئالىمى مارىيە گروفو مېيېر خانىم 1963-يىلى فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەنگلىيىلىك بىئوخىمىيە ئالىمى دولۇرس كالوفوت ھوركېن 1964-يىلى خىمىيە مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىلىق مېدىتسىنا-فىزىكا ئالىمى روسارىن يىرو 1977-يىلى مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نوبېل ئىلىم-پەن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاياللار ئاران 1.7 پىرسەنتنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالايدىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئەقىل-پاراسەتلىك، ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز؟ ئاياللار فىزىئولوگىيە جەھەتتىن ئەرلەردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ پسىخىكا ئالاھىدىلىكى: ئىدراك قىلىشى ئۆتكۈر، رەڭ، شەكىل، پاسون قاتارلىقلارغا گۈزەللىك نۇقتىسىنەزەرىدىن باھا بېرىشى كۈچلۈك، ھەرىكىتى سىپتا، چاققان، جايىدا بولىدۇ. سېزىمى ئۆتكۈر، تەقلىد قىلىشى كۈچلۈك، مەشغۇلات تېخنىكىسىنى تېز ئىگىلەيدۇ، ئىنچىكە ئىشلەيدۇ. بىراق ئۇلار تەپەككۇر جەھەتتە ئالايلۇق، ئىجاد قىلىش، كەڭ دائىرىدە ئويلىنىش ۋە

# مۇندەرىجە

* مۇھاكىمە مۇنبىرى *


ئاياللار — يوشۇرۇن ئىختىساسلىقلار خەزىنىسى ...... 1


* ۋەتەن قوينىدا *


ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن ھايات ...................... 7


* گۈزەل ئەخلاق *


قەلبى گۈزەل كېلىن ............................ 12


* قانۇندىن ساۋات *


ئېلىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا بالىلار قايسى جەھەتلەردە
ئالاھىدە قوغدىلىدۇ ............................ 14


* بالىلار تەربىيىسى *


ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدا ...................... 16


* ئەر - خوتۇنلارغا مەسلىھەت *


مۇھەببەت بار يەردە ئاغرىنىش بولماسلىقى
كېرەك ..................................... 21


* مەسلىھەت تەرمىلىرى *


ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ...................... 23
پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن تۇرمۇشقا قانداق
مۇئامىلە قىلىش كېرەك ......................... 30


* ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار *


قىسقا خەۋەرلەر ................................ 24


* ئەدەبىيات گۈلزارى *


نەزىرىمۇ ياكى تويىمۇ (ھېكايە)................. 26
مارجان (ھېكايە).............................. 28





1989 - يىل

10 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر
پاتىمە جاكۇلىنا

مەسئۇل مۇھەررىر
ھەلىمە ئىسمايىل

ۋەكالەت نومۇرى
(8 — 58)

مەملىكەت ئىچىدە بىر تۇ-
تاش تارقىتىلىدىغان نومۇرى
GN65 — 1053/Z

رەسسام ۋە خەتتات
مەھەممەت ئايۇپ
(تەكلىپ قىلىنغان)

# مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز


* قىز - يىگىتلەر سەھىپىسى *

ئوغۇللار ياقتۇرمايدىغان سۆز تىمىسى ............... 31

* دۇنيا ئاياللىرىغا بىر نەزەر *

مىسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋر خانىشى — پەرىدە ......... 33

* ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن *

ئۆسمۈر بالىنىڭ ئادەمخور تىمساقنى بوغۇپ
ئۆلتۈرۈشى ........................................ 37

* باھار چېچەكلىرى *

قۇياش — ئانا (شېئىر) ........................ 40

چىرايلىقلىق سەت كۆرۈنەر ئۆزگىگە (شېئىر).......... 41

ئۇيغۇر قىزىمەن (شېئىر) ........................ 41

* سالامەت بولۇڭ *

ئاياللاردا ئۇچرايدىغان ئىششىق كېسەللىكى ........ 42
بالىلاردىكى زاكىدىن پەيدا بولىدىغان تېرە
ياللۇغى ........................................ 43

* بىلىۋېلىڭ *

«كۆپكۆك دونغاي دەرياسى» ناملىق ۋالس
مۇزىكىسى توغرىسىدا ............................ 45

* تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت *

يېڭى بىلەن پاشا يوقىتىش ...................... 46

چىش پاستىسىنىڭ رولى .......................... 46

سوپۇن پاراشوكىدىن پايدىلىنىپ گۈللەردە بو-
لىدىغان ھاشاراتلارنى يوقىتىش .................. 47

زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاسراشنى بىلىۋېلىڭ ..... 47



مۇقاۋىدا

بەدىئىي سۈرەت
سۈڭ شىجىڭ
فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ كەينىدە

چەت ئەل مەنزىرىسى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
رېداكسىيىسى نەشر قىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تىراژى: 60،000
باھاسى: 45 پۇڭ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئادرېس
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە
كوچىسى 42 - نومۇر
پوچتا نومۇرى
830002

تەھلىل قىلىش جەھەتتە ئەرلەردىن ئاجىزراق كېلىدۇ؛ ئاياللارنىڭ زېھنىي كۈچ جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئومۇمەن ئوخشاشىراق كېلىدۇ؛ ئەرلەردە روشەن دەرىجىدە ئېگىز-پەسلىك بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تارىختىن بۇيان «ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش» بىلەن «كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش» ئوتتۇرىسىدا كۆپ مۇھاكىمىلەر بولدى. بۇنداق زىددىيەت ئەرلەر ۋە ئاياللاردا ئوخشاش مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئاياللار فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، نىكاھلانغاندىن كېيىن بالا تۇغۇش، بېقىش، تەربىيىلەش، ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە ئەرلەر بىلەن تەڭ ئۆتەك ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنىڭ كۆپرەكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مانا بۇلار ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئامىللار مۇقەررەر ھالدا بارلىق ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىغا توسالغۇ بولۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. «دۇكاپاتلانغان» ئاياللارنىڭ ھەممىسى توي قىلغان، پەرزەنت كۆرگەن. بۇ، يۇقىرىقى زىددىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش»نىڭ ئىختىساسلىق بولۇشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: (ئا) ماسلاشقان تەسىر $(2 < 1 + 1)$، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى كەسپىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، (ب) قوشۇلغان تەسىر $(2 = 1 + 1)$، ئۇلار ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق ئائىلە يۈكى كەلتۈرگەن ھەرخىل تەسىرلەرنى يېڭىپ ۋە تۈگىتىپ يىغىندا ئۈنۈمنى ساقلاپ تۇرىدۇ. (س) ناچار تەسىر $(2 > 1 + 1)$ ئۇلار ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ ھېرىپ-چارچاپ ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىختىساسلىق بولۇش ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئامىللار ئۆزئارا ماسلىشىشى لازىم بولغانلىقتىن، ئەر-خوتۇن تەڭ ئىختىساسلىق بولىدىغان شەرتلەرنى ھەممە ئەر-خوتۇنلار ھازىرلاپ كېتەلمەيدۇ، كۆپ ھاللاردا ئىختىساسلىق بولۇشنىڭ شەرتى ۋە مۇھىتىنى بىر تەرەپ ھازىرلىغان بولىدۇ. شەرت-شارائىت ئايالنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىغا پايدىلىق بولسا، ئەر تېگىشلىك قۇربانلارنى بېرىپ خوتۇنىنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىنى قوللىسا بولىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە، كۆپ ھاللاردا ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاياللار ئېرى ئۈچۈن ئۆز كەسپىنى قۇربان قىلىدۇ. بۇلاردىن زور بىر قىسمىنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرا بولغان. ئالايلۇق ماركسنىڭ ئايالى ژېننى، داروۋىننىڭ ئايالى ئەما قاتارلىقلار. لېكىن نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق بولۇش شارائىتى بار ئاياللار قولىدىن ئىش كېلەلمەيدىغان ئەرلىرى ئۈچۈن ئۆز كەسپىنى قۇربان قىلىۋېتىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن مۇھەببەت، نىكاھ، تۇغۇت، ئائىلىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى ئارقىلىق، ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىغا مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كيۇرى خانىم ئوقۇشنى دەپ ئالتە يىل جاپاغا چىداپ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولىدۇ. لايىقىدىن ئايرىلىش ئازابىنى تارتىش، تەتقىقات مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ناچار بولۇشىدىن قىيىنىلىش، ئېرىدىن ئايرىلىپ ئېغىر ئازاب چېكىش، جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئۈستىدىن تارقالغان پىتنە-ئىغۋا قاتارلىق زەربىلەر ئۇنىڭ كەسىپچانلىقىنى قىلچە تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى مىليونېر بولغۇدەك مەخسۇس پايدا ھوقۇقىغا ئىگە تۇرۇپمۇ يەنە ستوكھولمغا بارىدىغان پويىزغا كىرا قىلغۇدەك پۇلى يوق دەرىجىدە نامرات ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ بارلىق نەتىجىسىنى ئىنسانىيەتكە بېغىشلايدۇ. كېيىنكى يىللاردا، رادىئوئاكتىپ كېسەلى ۋە قان كېسەلىنىڭ ئازابىنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، ئىلمىي ئەسەر يېزىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. دېمەك، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاياللار ئېگىلمەي-سۇنمايدىغان ئىرادە ۋە كەسىپچان بولۇشتەك ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. لېكىن ئۆتكەن يىللاردىن بۇيان، جەمئىيەت شارائىتى ئاياللارنىڭ ھەر خىل ئاساسلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئىرادىسى مۇستەھكەم بولماسلىق، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش، ئۆزىنى كەمسىتىش، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكتەك ئاجىزلىقلار كېلىپ چىققان. بۇ ئاجىزلىقلار ھەتتا ھازىرغىچە بەزى ئاياللاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭا نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئۆزىدىكى ئىختىساسلىق بولۇشقا پايدىلىق ئىچكى ئامىللارنى جارى قىلدۇرماي تۇرۇپلا قىيىنچىلىق تەرىپىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. مانا بۇ ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇش نىسبىتى ئاز بولۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئالتە نەپەر مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئايال ئالىملارنىڭ ھەممىسى ياش چاغلىرىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىجتىھاد بىلەن تەتقىق قىلغان، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تىرىشىشى ئىزچىل بولغان. كيۇرى خانىم رادىئو ئاكتىپ ماددىدىن ئىبارەت بۇ بىر يېڭى تېمىنىڭ قىممىتىنى ناھايىتى ئۆتكۈرلۈك بىلەن سېزىپ، ئۇنى قەيسەرلىك بىلەن تەتقىق قىلغان. ھوركىن ئۆز تەتقىقاتىدا داۋاملىق ئەڭ يېڭى ماددىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ مولېكۇلا قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغان، مەيلى ۋىتامىن $B_{12}$ ياكى پېنىتسىللىن بولسۇن ھەممىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. دېمەك يېڭىلىق يارىتىش، ئادەمنى ئىختىساسلىق بولۇشقا ئۈندەيدىغان ئىچكى ئامىلنىڭ يەنە بىر تۈۋرۈكى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئاياللار بېقىندى ئورۇندىكى خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇلاردا يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزگەن ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن.

بۇ ئالاھىدىلىك ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى ئاياللارغا روشەن تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ھەتتا بىلىم ئېلىش مەزگىلىدىكى قىزلارغىمۇ كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ھەمىشە ئوتتۇرا سەۋىيىدە تۇرىدۇ، ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىرى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردىن ئاز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر دۇنيا-

دىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يۇقىرى مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىدە، كۆپىنچە نومۇرىغا قاراپ تاللاش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ، ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئىمتىھانىدا نومۇرى يۇقىرىلار تاللانماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتىدە روشەن پەرق پەيدا بولدى.

ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇش يولىدا كۆرسەتكەن ھەرخىل تىرىشچانلىقلىرى جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائىي تەسىر دەپ ئاتىلىدۇ. كىيۇرى خانىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن بۇرۇن جەبىرى-جاپانى بولۇشىغا تارتىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن 18 قېتىم لوندون خانلىق جەمئىيىتى دۆلەت مۇكاپاتىغا، ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا... ئېرىشىدۇ، ئۇ خىزمىتىدە نەتىجە قازانغاندىن كېيىن جەمئىيەت ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. دېمەك كىيۇرى خانىم ئون يىل، مېيىر خانىم 28 يىل، ھوركېن 20 يىل، يىرو 21 يىل جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاندىن نوبېل مۇكاپاتى شەكلى ئارقىلىق جەمئىيەت مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىجتىمائىي تەسىرگە ئېرىشىدۇ. دېمەك ئىجتىمائىي تەسىر ئىختىساسلىق بولۇشتا ھامان شۇنداق بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىختىساسلىق بولۇشتىن ئىلگىرى قىيىنچىلىق، مەغلۇبىيەت، بىر تەرەپلىمىلىك قاراش، بېسىم، تەڭقىسچىلىق يۈز بېرىدۇ، قىيىنچىلىق بىلەن ئۇتۇقسىزلىق سىناقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولىدۇ. لېكىن بۇ گەۋدە قەيسەر ئىرادىلىكلەرنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ئالغا ئىنتىلىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ بىزگە جەمئىيەتنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى ئاياللارغا تېخىمۇ كۆپ ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇش يولىدىكى ئەڭ قىيىن باسقۇچتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم قىلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئىختىساسلىق بولغاندىن كېيىن، شۇ كىشىنىڭ مۇھىتى ۋە مەرتىۋىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، پۇل، مەرتىۋە، ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ. بۇ چاغدا غەلىبە بىلەن مۇۋەپپەقىيەت سىناقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولىدۇ. ئىختىساسلىق بولغانلارنىڭ بىر قىسمى خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ، كونسېرۋاتىپلىق قىلىپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالىدۇ، ئۆز ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ، يەنە بىر قىسمى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئالغا باسىدۇ. ئۇلار ياكى ئۆزىنى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ، ياكى باش چۆكۈرۈپ ئۆز ئەمەلىيىتىنى يەكۈنلەپ ئەسەر يازىدۇ. بىراق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، ئىختىساسلىق بولىدىغانلار ئۈچۈن بولۇپمۇ ئاياللار ئۈچۈن ئېيتقاندا باشتىن-ئاخىر قەيسەر ئىرادە، كۈچلۈك كەسىپچانلىق بولۇشى شەرت. قىزلارنىڭ ئىجادچانلىق تەپەككۇرى ۋە قەيسەر ئىرادىسىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا يېتىشتۈرۈش ۋە چېنىقتۇرۇش ئاياللار مائارىپىدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شۇڭا بىز ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاياللارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشىغا يول ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم.

ئەخمەتجان بائىزى تەرجىمىسى



# ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن ھايات

غالىبە مۇھەممەت

1938-يىلى ئۇ ئاران ئون بەش ياشتا ئىدى. بۇ نەقەدەر گۆدەك، ياش چاغلار-ھە؟! بىراق ئۇ مۇشۇ يېشىدا ئىلى سىفەندىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشىنى تاماملاپ ئوقۇتقۇچى بولدى. ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن ھاياتىلا ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەڭ گۈزەل خاتىرە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھايات قىسسىسىنىڭ ئەڭ يارقىن، ئەڭ ئەھمىيەتلىك بابلىرى. ئەينى يىللاردا ئۇ مىڭ بىر جاپالار بىلەن مەكتەپكە يىغىپ، قەلبىگە بىلىمدىن نەقىش ئويغان گۆدەكلەر بۈگۈن ھەر چوڭ ئىشلارنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرىنى ئۇستازىدىن ئۈستۈن قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ قولى ھامان كۆكسىدە. بۇ نەقەدەر يۈكسەك ھۆرمەت-ھە؟! ئەمما بۇنىڭغا ئېرىشمەك ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك. شۇنداق، ئۇ بەدەل تۆلىگەن، ئىلى دەرەخزارلىقلىرى ئۇنىڭ سايىداشلىرىدىن مۇستەسنا، ئىلى باغلىرىنىڭ خىلۋەت يوللىرى ئۇنىڭ سەيلى-ساياھىتىدىن ئازاد قالدى. پەقەت بۇ ۋادىدا قۇچاق ئاچقان ئۆزبېك مەكتىپى، مۇرات مەكتىپى (بۇرۇنقى 8-باشلانغۇچ، ھازىرقى 19-باشلانغۇچ)، ئۈمىد مەكتىپى (2-باشلانغۇچ)، ئايدۆڭ مەكتىپى، ئايخان مەكتىپى ۋە 3-باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىقلاردىلا ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرى، ياشلىق باھارى، جاراڭلىق ئاۋازلىرى قالدى. ئەمگەك مۇقەددەس، ئەمگەك ئۇلۇغ، بولۇپمۇ ئىنسان روھىنى ئويغىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلىق ئەمگىكى شۇنداق.

غۇلجا شەھەرلىك 3-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى ساھىبجامال ھەمرا 40 يىللىق ھاياتىنى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئەمگەككە ئاتاپ، ياشلىق باھارىنى ئەنە شۇ ئەمگەك ئۈچۈن بەدەل بېرىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ساھىبجامال ھەمرا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، 1931-يىلى تۇغۇلغان يۇرتى ئالمۇتادىن غۇلجىغا كەلگەنىدى. ئۇ 1936-يىلى ئىلى سىفەندە تەسىس قىلىنغان سىفەن سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇلار ئىككى يىل ئوقۇپلا خىزمەتكە چىقتى. ساھىبجامال ھەمرا ئايدۆڭ مەكتەپكە بۆلۈندى. بۇ مەكتەپتە ئۈچ يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئېرىنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچى ئەرلەر گىمنازىيىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن 1941-يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ شۆبە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئەمما شۇ يىللاردىكى داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەت، جېنى تومشۇقىغا كېلىپ

قالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان غالچىرلىقى ھەممىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويمىدى. بولۇپمۇ خەلقنىڭ ئاق-قارىنى پەرق ئېتىپ قىلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ تۇرغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلارنى كۆزدىكە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، ھەرخىل بانىلەر بىلەن تۇتاتتى، قامايتتى. شۇ سەۋەبلىك 1943-يىلى ئۈرۈمچىدە يەنە داۋاملىق تۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتا ئامالسىز قالغان ساھىبجامال ھەمرا ئېرى ئېلاخۇن ھەمرايوپ بىلەن، ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن تۇنجى ئوغلىنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدى. بىراق شىخو تۇپرىقىدا ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ جەسىتى قالدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى چەكسىز ھەسرەت-نادامەتكە پاتقان ھالدا قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. جىگدىكى گومىنداڭ قاراقچىلىرىنىڭ قولىدا بىردىنبىر مۈلكى بولغان بىر يەشىك دەرسلىك كىتابىمۇ قالدى. كاشكى ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن دوق قىلىپ تىللاۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئوغلىنىڭ قەبرىسىگە قول سوزۇپ تۇرۇپ «ئەلۋىدا ئوغلۇم» دەپ بىر ئېغىز ئۈنلۈك يىغلىيالىغان بولسا؟! «ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تارتىۋېلىشتىن مەقسىتىڭ نېمە؟» دېگەن ھەقلىق سوئالى ئۈچۈن بىر ئېغىز ئەقىلگە مۇۋاپىق جاۋاب ئالالىغان بولسا؟!

بالا ھەسرىتىدە يۈرىكى پارە-پارە بولغان ساھىبجامال غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆرتەنگەن يۈرىكىنى مۇجۇغىنىچە ئولتۇرۇپ قالمىدى. ئەكسىچە قەددىنى قايتىدىن رۇسلاپ ئۆزبېك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىقىنى داۋاملاشتۇردى.

1944-يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئۇ ئاكتىپ ھالدا تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئايدۆڭ مەھەللىسى بىلەن مويىكا مەھەللىسى بويىچە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ مىللىي زۇلۇمغا قارشى قان كېچىپ، جەڭ قىلىشقا ئاتلانغان جەڭچىلەر ئۈچۈن ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ نەچچە ئاي ئىئانە توپلىدى. بىر مەزگىللىك جىددىيچىلىكتە توختاپ قالغان ئوقۇش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەنە دەرھال قىسقا مۇددەتلىك بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇپ مۇرات ۋە ئۈمىد مەكتەپلىرىدە (ھازىرقى 19-باشلانغۇچ ۋە 2-باشلانغۇچ) ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن بولغاچقا، بەزىلەر بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنى ئېغىر سېلىق دەپ تونۇيتتى. شۇڭا شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئارزۇسىغا ئاڭسىزلارچە ماسلىشىپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشتىن قاچۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ھەدېسىلا بىر باھانە بىلەن تارتىۋېتىپ توختاتمايۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. چۈنكى ئۇلار ئوقۇتۇش تەييارلىقلىرىنى قىلغاندىن سىرت ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ ئوقۇغۇچى يىغىشقا، ئاتا-ئانىلارغا خىزمەت ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى. ساھىبجامالمۇ شۇ مەزگىللەردە بېشىغا چاپان ئارتىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ (ئۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ يۈزىنى ئېچىپ يۈرۈشىگە يول قويۇلمايتتى) قانچە-قانچە ئۆيلەرگە كىردى. قانچىلىگەن ئاتا-ئانىلارغا «بالاڭلارنى ئوقۇتۇڭلار، ساۋادىنى چىقىرىۋالسۇن» دەپ يالۋۇردى. قىزلار ۋە ئاياللار بېشىغا چاپان ئارتماي تالا-تۈزگە چىقالمايدىغان،

«ئايال زاتى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئەركىشىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈنلا يارالغان» دەيدىغان كۆز قاراش ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسىغا قوغۇشۇندەك ئويۇپ كەتكەن شۇنداق بىر مەزگىلدە ياپياش بىر ئايالنىڭ ئۆيمۇ-ئۆي، كوچىمۇ-كوچا ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشقا چاقىرىپ يۈرۈشى ئاجايىپ ئىسيانكارلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىش روھىدىن ئەمەسمۇ؟ بۇنداق روھ شۇ چاغدىكى فېئوداللىق ئەدەب-ئەخلاق قارىشى بىلەن قانداقمۇ چىقىشالىسۇن؟! بۇنىڭدىن ساھىبجامال ھەمىرانىڭ يېڭى پەن-مەدەنىيەت ئۇرۇقىنى چېچىش ئۈچۈن تانچىلىك تىل-دەشنام ۋە سۆز-چۆچەكلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. راست، ئۇ نۇرغۇن كۆڭۈل ئاغرىقى تارتتى، بەزى ئاياللار ئۇلارغا «ئوقۇدۇق، خىزمەت قىلدۇق دەپ نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ بۇلار» دەپ ھەر خىل بەدناملارنى تاڭاتتى. بەزى نومۇسسىز ئەرلەر ھەتتا مۈردىسى بىلەن قەستەن سوقۇپ ئۆتەتتى. باللارغا ئارقىدىن چالما ئاتقۇزاتتى. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلغۇچىلار ئايرىم ئادەملەر بولسىمۇ، شۇ خىلدىكى ئىشلار چىقىپلا تۇراتتى. ساھىبجامالنىڭ قېيىن ئىنىسىمۇ ئۇنىڭغا «ئەگەر پۈرگەنچە ئارتىماي تالاغا چىقىدىغان بولسا قارنىنى ئېشەكنىڭ قارنىنى يارغاندەك يېرىۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سالغانىدى. ئەمما بۇنداق تىل-دەشنام ۋە پوپۇزىلار، سوغۇق نەزەرلەر، ھۆكۈمەت سىلىۋاتقان تەھدىت، ئائىلىدىكى قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئىخلاسىنى ياندۇرالمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسى كۈندىن-كۈنگە چىڭىيىپ باردى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ ئۆز خىزمىتىگە ئات ئويىنىتىشتا كەڭرى مەيدانغا ئىگە بولغان چەۋەندازنىڭ ھاياجىنى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتى. 51-يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان «ئىجارە كېمەيتىش» خىزمىتىدىن كېيىن ئۇ بارغانلا مەكتەپىدە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى، بىراق دەرس ئۆتۈشنى پەقەتلا توختىتىپ قويمىدى. ئۇ يىللىرى مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك بىر ئېغىر ئەمەلىي مەسىلە بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ھەپتىسىگە يىگىرمە نەچچە سائەتلەپ دەرسنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلەتتى، كۈنىگە ئۈچ، تۆت سائەتلەپ دەرس ئۆتۈش، بەزىدە تېخى كېلەلمەي قالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنىمۇ قوشلاپ ئۈستىگە ئېلىش ئەلۋەتتە كىشىنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق چارچىتىدىغان ئەمگەك. ئەمما ساھىبجامال ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى ئىچىدە دەم ئالماي، چارچاشقا بەرداشلىق بېرىپ، بېرىلىپ ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن قىلىدىغان ئەمگىكى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە قارا چىراغ يورۇقىدا، بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپ ھەرقايسى سىنىپلارغا بېرىلگەن نەچچە دۆۋە تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرەتتى. تاپشۇرۇقلارنى بىرەر قېتىم تەكشۈرۈشسىز قويۇش، بىرەر سائەتلىك دەرسكە كىرەلمەسلىك ياكى بىرەر سائەتنى ئۇنداق-مۇنداق قىلىپلا توشقۇزۇش پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مائارىپ خىزمىتىگە بېرىلگەن بۇ تەلەپچان ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن «شۇنداق بولۇپمۇ قالىدۇ، مەيلىغۇ» دەپ

ئۆتكۆزۈۋەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس
ئىدى. ئەكسىچە ئۇ ھەربىر سائەتلىك
دەرس ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئالاھىدە
تەييارلىق قىلاتتى. ئۇ ئۆتىدىغان تەبىـ
ئەت دەرسىدە «ھاۋا شارى» دېگەن
بىر مەزمۇن بار ئىدى. بۇ دەرسنى
سىنىپتىلا، بىر سائەت سۆزلەپ ئۆتۈپ
قويسا تامامەن بولاتتى. باشقا مەكتەپ ۋە
سىنىپلار دەل شۇنداق ئۆتەتتى، لېكىن سا-
ھىبجامال ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ بالىلىرى-
نى ئۆيىدە تاشلاپ قويۇپ، كەچتە ئوقۇتـ
قۇچى-ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتقاندىن
كېيىن، دەرسلىكتىكى چۈشەندۈ-
رۈشلەرگە ئاساسەن «ھاۋا شارى»
ياساپ چىقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر
ئايلىق گەچلىك دەم ئېلىش ۋاقتىنى سەرپ
قىلدى. ئۇ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماي
ئۆزلىكىدىن قىلغاچقا ۋاقتىنچە ھېچكىممۇ
بىلمىدى، «ھاۋا شارى» پۈتكەندىن كې-
يىن ئۇ يەنە بىر كۈن كېچىسى كېلىپ
ئۇچۇرۇپ سىناق قىلدى. ئەتىسى شۇ تە-
ۋەدىكى كىشىلەر ئارىسىدا «ئاخشام كىنو-
دىن ياندىغانلارنىڭ كۆزىگە ئاسماندىن بىر
نەرسە كۆرۈنۈپتۇ» دېگەن پاراڭ بولۇپ،
كۆپلىگەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.
ئىش نەتىجىلىك بولغاندىن كېيىن ئۇ
«ھاۋا شارى»دىن يەنە بىر نەچچىنى يا-
سىدى. ئاندىن مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتـ
قۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا خەۋەر قىلىپ، شۇ
سائەتلىك دەرسنى مەيداندا ئۆتۈپ، تەجـ
رىبىسىنىمۇ نەق مەيداندا كۆرسىتىپ، ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشىدە زور ئۈنۈم
ھاسىل قىلدى. بۇ باشقا ھېچقايسى
مەكتەپ قىلىپ باقمىغان ئىش بولغاچقا،
بۇ بىر سائەتلىك نەتىجىلىك دەرسنىڭ
خەۋىرى ھەش-پەش دېگۈچە پۈتۈن شە-
ھەر دائىرىسىدە تارقالدى ۋە كىشىلەرنىڭ
زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. ساھىبجامال
پۈتۈن شەھەردىكى تەبىئەت ئوقۇتقۇچى-
لىرىنى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋەكىللىرى ۋە
پىئونېرلار ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ يەنە
بىر قېتىم ئوچۇق دەرس ئۇيۇشتۇردى.
بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىغا
چىقىپ دەرس سۆزلىدى ۋە «ھاۋا شارى»
دىن بەشنى ئۇچۇرۇپ پۈتۈن شەھەر بو-
يىچە ئۈلگە بولۇپ تىكلەندى. ساھىبجا-
مالنىڭ مانا مۇشۇ بىر سائەتلىك دەرس
ئۈچۈن قىلغان ئەجرىلا ئۇنىڭ مائارىپ،
ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا نەقەدەر ئەستايىدىل
قارايدىغانلىقى ۋە جان كۆيدۈرىدىغانلىقى-
نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ «مەن
بۇرۇن ئۆي تۇتمىغان، دەم ئېلىشقا چىق-
قاندىن كېيىنلا ئاندىن ھە ماۋۇ مېنىڭ
ئۆيۈم ئىكەن دەپ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇپ-
تىمەن» دېگىنى ئاساسسىز ئەمەس. ئۇنىڭ
ئارقا-ئارقىدىن تۇغۇلۇپ كەتكەن چۆچۈ-
رىدەك سەككىز بالىسىنىڭ يىغلىغىنى يىغ-
لىغان يەردە، ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان يەردە،
ئوينىغىنى ئوينىغان يەردە قالاتتىكى، بىر
سائەتلىك دەرسى قالمايتتى. ئۇنىڭ ئې-
رى مەرھۇم ئېلاخۇن ھەمرايىوپ بىر مەز-
گىل سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەنىدى.
سەنئەت پائالىيىتى كۆپىنچە كەچتە ئۆت-
كۈزۈلىدىغان پائالىيەت بولغاچقا ساھىب-
جامال ئاخشىمى ئىشتىن كەلگۈچە ئېرى
ئىشقا كېتىپ، ئېرى ئەتىگىنى قايتىپ
كەلگۈچە ساھىبجامال ئىشقا كېتىپ، ئەر-
ئايال ئىككىسى ئۆتۈشۈپ يۈرۈپ قانچە-
قانچە كۈنلەر بىر-بىرىنى ئۇچرىتالمايدى-
غان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. ساھىبجا-
مالنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان قىزغىنلىقى،
مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، تۆھپىسىمۇ

گۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن 1957-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى، بۇ غۇلجىدا مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئاياللارغا نىسبەتەن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. شۇ يىلى ئۇ يەنە «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان «ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى» يىغىنىغا كەلدى ھەمدە ۋەكىللەرگە ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرى ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. سۆزلەش، سېلىشتۇرۇش، باھالاش ئارقىلىق يىغىندىن يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى مەملىكەتلىك «ئىلغار مائارىپچىلار» يىغىنىغا ۋەكىل قىلىپ سايلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ساھىبجامال ھەمرامۇ بار ئىدى. شۇنداق، ئۇ مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىيالىغان ئوقۇتقۇچى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەقدىم قىلغان «نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچىلار خاتىرە ئىزنىكى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىم چاقىرىلغان نەمۇنىچى مائارىپچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا نەمۇنىچى بولۇپ باھالانغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن تەقدىرنامە، مەملىكەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر خىزمىتى ھەمكارلىق كومىتېتىدىن بېرىلگەن «باغۋەن شەرىپى» مېدالى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ۋە مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن بېرىلگەن «مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئوتتۇز يىل تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن» دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەت بېسىلغان تەقدىرنامە ۋە غۇلجا شەھىرى 1-نۆۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىدىن بېرىلگەن «ئىلغار خىزمەتچى» گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلار ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قانداق مېھنەت قىلغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس بىر سىما بولۇپ قالالىدى.

ساھىبجامال ھەمرا 1978-يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇ ھاياتىدىكى قىرىق يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئاتاپ، ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى خۇددى بىر سائەتلىك دەرسنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تەنەپپۇسقا چىققان، ئۆتۈدىغان دەرسنىڭ ئەڭ قىزىق قىسمى 2-سائەتكە قالغان ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، ئۇنىڭ ھاياتى ئەھمىيەتسىز ئۆتمىدى. ساھىبجامال ھەمرا 1988-يىلى سوۋېت ئېلىگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن قىلغان سەپىرىدە ھاياتىنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئالمۇتا، فرونزا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا قانچە-قانچە كىشىلەر ئۇنى «ئۇستازىم»، «ئوقۇتقۇچۇم» دەپ ئىزدەپ يوقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ساھىبجامالنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، بىراق ئۇستاز شاگىرتىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانىدى.

ئەمگەك مۇقەددەس، ئەمگەك ئۇلۇغ، ھاياتنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ئەمگەكتە.



* گۈزەل ئەخلاق *



# قەلبى گۈزەل كىشى

راخمانجان رۇسۇل

پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلسۇ يېزا گۇلۋاش كەنت 4 - مەھەللىسىدىكى ئايشەم غوپۇر بىلەن ئابلىز تۇردىنىڭ تويى بولغاندا ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن بۇلار خۇدا قوشقان جۈپلەر ئىكەن.... جانانخان ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىغا ياردىشا ئۆزى ئىشچان، قولى گۈل بىر كېلىنلىك بولۇۋالدى، دېيىشكەنىدى.

ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن ئايشەمخان توي قىلغاندىن كېيىن ئۆيىگە كۆيۈنۈپ، يولدىشىغا يانتاياق، ياشىنىپ قالغان قېيىن ئانىسىغا ھەمنەپەس بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ئۆتتى، بىراق «خۇشاللىق بىلەن قايغۇ بىر تۇغقان» دېگەندەك، بىر يىل بولا - بولمايلا قېيىن ئانىسىنىڭ ئىككىلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى، ئۇلار جاناخان ئاچىنى جىددىي داۋالاتتى، لېكىن يېزا دوختۇرخانىسى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىلارمۇ ئامال قىلالمىدى.

بۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى:

— ئايشەمخان ئاجرىشىپ كېتەرمۇ؟

— تۆۋە دەڭلا، بۇ قىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، ھەي بۇ جاھاننىڭ مەنزىلى ئۇزۇن، ھەرقانچە باقسا بىر يىل باقار، بۇ كېسەل ھەرقانداق ئادەمنى زېرىكتۈرىدۇ... بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە: «تېخى ئون گۈلىڭىزنىڭ بىرى ئېچىلمىدى. بىرەر بالىغا ئانا بولۇپ قالسىڭىز ئاجرىشىشىڭىز تەس. شۇڭلاشقا جاھاننىڭ مۇشۇنداق ۋاقتىدا ئاجرىشىۋېلىڭ» دەپ نەسىھەت قىلدى. «نېمە دەۋاتقانلىرى بۇ؟ — دېدى ئايشەمخان ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ھازىرغۇ قېيىن ئانام ئۆزى ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدۇ، چىقالمىغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئېغىر ئالمايمەن».

ئادەم دېگەن ھاياتىدا ھەرخىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ، تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يۈز ئۆرىگەن ئادەمنى ئادەم قاتارىدا سانىغىلىمۇ بولمايدۇ.... ئايشەمخان دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى، ئۇ چاغدا تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن چاغلار بولسىمۇ، يىرىكىنى ئۆزى يەپ، يۇمشىقىنى قېيىن ئانىسىغا يېگۈزدى، كونىسىنى ئۆزى كىيىپ، يېڭىسىنى قېيىن ئانىسىغا كىيگۈزدى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم

باش - كۆزىنى يۇيۇپ تاردى، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىنى بۇرۇنقىدىنمۇ پاكىز قىلىپ بەردى، ئايشەمخاننىڭ بۇ ئىشى باشقىلارنى ھەيران قىلسا قېيىن ئانىسى بىلەن ئېرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئايشەمخاننىڭ ئائىلە يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، ئېرى ئابلىز تامچىلىق قىلغاچقا كۆپ ھاللاردا سىرتلاردا ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشى، ئارقا - ئارقىدىن تۇغۇلغان بەش بالىغا قاراش، جانانخاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، كىر - قات يۇيۇش، ئاش - تاماق ئېتىش، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇششاق - چۈشەك ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئايشەمخانغا قالدى، ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە بەزىدە يېرىم كېچىگىچە بىكار بولالمىسىمۇ، ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، قېيىن ئانىسىنى يېتىلەپ بازارلارغا ئاپاردى؛ ئېتىز - ئېرىق بويلىرىنى ئايلاندۇردى، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق قېيىن ئاكىسى ئانىسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەندە بەرگىلى ئۇنىمىدى، جانانخان ئانىمۇ ئوغلىغا: «ئون نەچچە يىلدىن بېرى بۇ قىزىم ماڭا قىزىم يوقلۇقىنى بىلدۇرمىدى، خۇدا ماڭا كېلىن ئەمەس، پاك نىيەت، دىيانەتلىك پەرىشتە ئاتا قىلىپتىكەن، سەن بېرىپ خاتىرجەم خىزمىتىڭنى قىلىۋەر» دېدى. ئايشەمخاننىڭ ئانىسىغا كۆڭۈل قويۇپ قاراۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئوغۇلمۇ خاتىرجەم بولدى. ئايشەمخان قېيىن ئانىسىغا ياخشى قاراپ، ئېتىز - ئېرىق ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى ياخشى قىلىپلا قالماي، ماشىنىچىلىقنى ئۆگىنىپ ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇردى، ئۇنىڭدىن سىرت نەچچە يىلدىن بۇيان تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئون ئىككى كىشىنىڭ كىيىم - كېچىكىنى ھەقسىز تىكىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، ئايشەمخان بىرنەچچە يىلدىن بېرى يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ياخشى كېلىن»، «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە.


**«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ!**

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى كەڭ ئاممىغا يۈزلەنگەن ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئۇ پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى، ئاياللارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئاياللار خىزمىتى ۋە ئاياللار ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىپ، ئاياللار مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا يول كۆرسىتىدۇ. قانۇن، ئىلمىي ئۇسۇلدا بالا تەربىيىلەش، پەن - تېخنىكا، ساقلىقنى ساقلاش ھەققىدە ساۋاتلار بېرىدۇ.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ يېقىن دوستى، ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكى بولالايدۇ.

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق سانلىرىغا جايلاردىكى پوچتىخانىلار 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. باھاسى 0.45 يۈەن، يىللىق باھاسى 5.40 يۈەن.

كىتابخانىلارنىڭ ۋاقتىدا مۇشتىرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

# ئېلىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا باللار قايسى جەھەتلەردە ئالاھىدە قوغدىلىدۇ

ئېلىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنى — باللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئەزەلدىن بىر ئاساسىي پىرىنسىپ قىلىپ كەلدى. 1980-يىلى ئېلان قىلىنغان يېڭى نىكاھ قانۇنىدىمۇ مۇشۇ جەھەتتىن ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

1. باللارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە:

ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 15-ماددىسىدا: «ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز باللىرىنى بېقىش، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار»، «ئاتا-ئانىلار ئۆز باللىرىنى بېقىش، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، بالاغەتكە يەتمىگەن ياكى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن بېقىش خىراجىتى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاتا-ئانىنىڭ بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇلار باللىرىغا مۇئەييەن ھالدا ماددىي شارائىت يارىتىپ بېرىشى ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن باللىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىققا بولمايدۇ. نىكاھ قانۇنىنىڭ 22-ماددىسىدا: «نەۋرىسىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكى بار چوڭ دادا، چوڭ ئانىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن نەۋرىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. 23-ماددىسىدا: «ئىنىسىنى، سىڭلىسىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكى بار ئاكا-ئاچىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ بېقىپ كەتكۈچىلىكى بولمىغان، بالاغەتكە يەتمىگەن ئىنىسى، سىڭلىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇلاردىن باشقا ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىغا قانۇننى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىش، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ياراملىق كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

2. باللارنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە قوغداش جەھەتتە:

ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 17-ماددىسىدا: «ئاتا-ئانىلارنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن باللىرىنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە قوغداش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. باشقۇرۇش، تەربىيىلەش دېگىنىمىز — ئاساسەن قانۇن ۋە ئەخلاق تەلىپى بويىچە توغرا ئۇسۇل قوللىنىپ، بالاغەتكە يەتمىگەن باللارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆز يولىدا چەكلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش دېگەنلىكتۇر. «باشقۇرىمەن، تەربىيىلەيمەن» دەپ باللارنى خالىغانچە ئۇرۇش، تىللاش ۋە تەن جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ. قوغداش دېگىنىمىز: ئاتا-ئانىلار بالا-

غەتكە يەتمىگەن بالىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۇلارنى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن ۋە باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش دېگەنلىكتۇر. قانۇن «قوغداش» نامى بىلەن بالىلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ئەتىۋارلاش ياكى بالىلارنىڭ كەمچىلىك-خاتالىقلىرى بىلەن كارى بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە يان بېسىشقا يول قويمايدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتى تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردىمۇ گەۋدىلىنىدۇ: «بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسكە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ».

3. نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە:

دادا ۋە ئانا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداشلىق مۇناسىۋەت بولغاچقا، بۇ خىل مۇناسىۋەت نىكاھدىن ئاجرىشىپ كېتىش بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 29-ماددىسىنىڭ 2-تارمىقىدا: «ئاتا-ئانىلار نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، بالىنى قايسى تەرەپ بېقىش مەسىلىسىگە قارىتا، ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 29-ماددىسىنىڭ 3-تارمىقىدا: «نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئەمچەكتىن ئايرىلغان بالىنى بېقىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى بالىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

4. ئۆگەي بالىلارنى قوغداش ھەققىدە:

ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 21-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقىدا: «ئۆگەي ئاتا-ئانا بىلەن ئۆگەي بالا ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى خورلاشقا ياكى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆگەي بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 21-ماددىسىنىڭ 2-تارمىقىدا يەنە: «ئۆگەي دادا ياكى ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇلار باقىدىغان، تەربىيىلىگەن ئۆگەي بالىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى مۇشۇ قانۇننىڭ ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئۆگەي دادا ياكى ئۆگەي ئانىدىمۇ ئۆگەي بالىلىرىنى يۇقىرىقىدەك بېقىش، تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىنىڭ 15-ماددىسىنىڭ 4-تارمىقىدا: «بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ياكى بوۋاقلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان قىلمىشلار مەنئىي قىلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەگەردە نىكاھ قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئەھۋالىغا قاراپ قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ ياكى ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئۇلارنى جىنايى جازاغا تارتىدۇ.

ئابدۇكېرىم سادىق (ت)

# ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدا

ئەيسا قاسىم

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، شۇنداقلا ئادەم تەربىيىلىنىدىغان تۇنجى مەكتەپ. «ئائىلە ھاياتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بالىلار تەربىيىسىدىن ئىبارەت. بالىلار تەربىيىسىنىڭ دەسلەپكى يادروسى ئەر-خوتۇن، ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدۇر» (ۋ. ئا. سوخوملىنىسكى). ئائىلە تەربىيىسى مەكتەپ، جەمئىيەت تەربىيىسى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئائىلە تەربىيىسى بالىلارغا قارىتىلغان ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە ئەمگەك (ھۈنەر-سەنئەت) تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. پەرزەنت تۇغۇلۇپ يەتتە ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولىدۇ، يەتتە ياشتىن ئاشقاندىلا ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى تەربىيىچىسى ئاتا-ئانا. شۇڭا، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئائىلە تەربىيىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

بالىلار بالىلىق دەۋرگە قەدەم تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە، ئائىلە مۇھىتى ۋە ئائىلە تۇرمۇشى بالىلارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنى بالا ئىلھاملاندۇرۇش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولىدۇ؛ ماختاش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، تەكەببۇر بولۇپ قالىدۇ؛ مۇۋاپىق تەقدىرلەش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان بولىدۇ؛ ئىزا-ئاھانەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ؛ باراۋەرلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ھەققانىيەتچى بولۇپ چىقىدۇ؛ سەۋرى-تاقەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، چىداملىق بولۇپ چىقىدۇ؛ ئاغرىنىش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، باشقىلارنى ئەيىبلەشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ؛ ھەددىدىن تاشقىرى ئامراقلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ھەسەتخور بولۇپ قالىدۇ؛ ئىناق ئائىلىدە ئۆسكەن بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا تەبىئىي ھالدا ئوچۇق-يورۇق بولۇش، ئاق كۆڭۈل بولۇش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشتەك ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدۇ ھەمدە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاكتىپ ھالدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پائال ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىزچىل رەۋىشتە تەسىر كۆرسىتىشى، ياخشى تەرەپكە يېتەكلىشى ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى قوشۇلغاندا بالا چوقۇم نەتىجە يارىتالايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ پەيتتە ئاتا-ئانىنىڭ تەسىرى تەبىئىي ھالدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. تەكشۈرۈپ-

تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى بالىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇڭا، بالىلارغا قارىتىلغان ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

### بالىلارنىڭ كىچىك چېغىدىن باشلاپ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

بالا خۇددى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيە-ھەرىكىتى تامامەن مۇھىت ۋە تەربىيىدىن شەكىللىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە ئەمگەك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنىڭ تۈنجى قەدىمى، ئۇل سېلىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

مەلۇمكى، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىكى ھەقىقىي ئادەم بولۇش. ئادەم بالىسىنىڭ ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنىشى كىچىك چېغىدىن باشلاپ بېرىلگەن مۇكەممەل، ساغلام تەربىيىگە باغلىق. بالىلار ئويچان، خىيالچان، سەزگۈر بولۇپ، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دۇنياغا ئۈزلۈكسىز نەزەر تاشلاپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ زېھنى ئوچۇق، قەلبى يورۇق، ئىدىيىسى ئازاد بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئالدىدىكى مەزگىلى چوڭ مېڭىنىڭ تازا تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى تېز بولىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بالىلارغا قارىتىلغان تەربىيە قانچىكى بالدۇر باشلانسا، قانچىكى ئەتراپلىق بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقىل كۈچى، ئىقتىدارىنى شۇنچە تېز يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

### ئائىلە تەربىيىسىدە ئاساسلىقى ئىدىيىۋى پەزىلەت تەربىيىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك

بالىلار ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى، مىللەتلەرنىڭ قۇدرەت تېپىش-تاپماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارغا ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى پەزىلەت تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئائىلە تەربىيىسىدە بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدىغان ئىدىيىۋى پەزىلەت تەربىيىسىنى مەقسەتلىك، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ھالدا كۈچەيتىش كېرەك. بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئىدىيىۋى-سىياسىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق مىزانى بويىچە ياخشى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا يارامىلىق ئادەمگە ئايلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىزنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بۇ جەھەتلەردە بالىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا، ھەرىكىتىگە، ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇشى بەكمۇ زۆرۈر. پەرزەنتلەرنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى

پىشىنىڭ جەھەتتىن دوراپ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ دوراش ئۈلگىسى. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان تىل - ھاقارەتلەرنى، بولمىغۇر چاقچاقلارنى قىلماسلىقى كېرەك.

ئىدىيۋى پەزىلەت تەربىيىسى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم: 1) ۋەتەننى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش؛ 2) سەممىي، ئادىل بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئومۇمىي ئەخلاققا دىققەت قىلىش؛ 3) غايىلىك بولۇش، يارامىلىق ئادەم بولۇشقا تىرىشىش؛ 4) تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىش، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇش، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇش؛ 5) ساغلام بولۇش، ئەمگەكچان بولۇش، ئىقتىسادچىل بولۇش، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. بۇ نۇقتىلار ئىچىدە، دەسلەپكى ئىككى نۇقتا ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ، ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى. بالىلار كىچىكىدىن پەزىلەتلىك تەربىيىلەنسە، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ.

**بالىلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك**

بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام يېتىلدۈرۈشتە، بىر تەرەپتىن، بالىلارنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش، يەنى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇشتا، تەركىبىدە ئاقسىل، تۆمۈر ۋە ھەر خىل ۋىتامىنلار كۆپ يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك بېرىشكە دىققەت قىلىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، بالىلارنى ھەر خىل مەنىلىك، ھەرىكەتلىرى جىددىي، ئۆزگىرىشچان، قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناشقا كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. بۇ ئىككى تەرەپ زىچ بىرلەشسە، بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ياخشى بولىدۇ.

ئاتا - ئانىلار يەنە بالىلارنى ئۇلارنىڭ يېشىغا ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدىغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەش كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. شۇنداقلا بالىلارنى مۇۋاپىق ئۇيقۇ ئۇخلىتىش، ئۆي ئىشىغا سېلىش، مۇۋاپىق ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇرۇش، ھەر خىل تەقلىدىي ئويۇنچۇقلارنى ياسىتىش، سىزىشقا تەشكىللەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قول ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئۆز ۋاقتىدا بېرىلگەن مۇۋاپىق، ساغلام ئەقلىي تەربىيە بالىنىڭ تىل تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. بالىلار بالىلىق دەۋرىگە كەلگەندە سوئال سوراشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ زېھنىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. بالىلارنىڭ سوئال سورىشى ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلىقى، بىلىمگە ئىنتىلىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، ئاتا - ئانىلار ئىمكان قەدەر بالىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بېرىشى، بالىلارنى كىچىكلىك، ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدۇ، دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز، دەپ قارىماسلىقى لازىم.

ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ يېشىغا باپ كېلىدىغان ئوقۇشلۇقلارنى ئېلىپ بېرىشى، ئۇلارغا قىزىقارلىق كىنو، تىياتىر، بالىلار تېلېۋىزىيە-رادىئو نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇشى، ھەر خىل مەنزىرە، جۇغراپىيىلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىش ھەمدە بالىلارنى پىكنىك قىلىش، ئوقۇش، ھېسابلاش، خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئۇسسۇل ئويناش، قورال-سايمانلارنى ياساش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

## بالىلارنىڭ مۇۋاپىق تەلەپ-ئارزۇسىنى تىرىشىپ قاندۇرۇش، تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدا سىردىشىش، ئۆز ئارا چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم

بۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئۇسۇل مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، بالىلاردا كىچىكىدىن تارتىپلا ساغلام پسىخىكىلىق مىجەز يېتىلدۈرىدۇ. بالىلارنىڭ ساغلام خاراكتېرى، ياخشى ئەخلاق-پەزىلىتى، بولۇپمۇ، گۈزەللىك قارىشى، ھەق-ناھەق قارىشى ۋە راست-يالغاننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاتا-ئانىنىڭ تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدا سىردىشىش، چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بىردەك مۇئامىلە قىلىشقا تايىنىپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. بالىلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار ئالدى بىلەن مېھرىبانلىققا تولغان ئىناق ئائىلە قۇرۇشى لازىم. چۈنكى، ئائىلە مۇھىتى ياخشى بولغاندا، بالىلارنى يېتەرلىك شاد-خۇراملىققا، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئائىلە مۇھىتىنى ياخشىلاش، يەنى ئائىلە ئەزالىرى ئىناق-ئىجىل ئۆتۈش، ئىنتىزامچان، ئادىللىق بولۇشتەك ياخشى مۇھىت يارىتىش—ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە زىممىسىگە يۈكلەنگەن باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

بالىنىڭ تېگىشلىك، يوللۇق تەلەپ-ئارزۇسىنى ۋە ئېھتىياجىنى توسۇپ قويۇش، پەرزەنتلەردە نارازىلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ مۇۋاپىق، يوللۇق تەلەپ-ئارزۇلىرىنى يەردە قويماي، ئىمكان قەدەر ئورۇنداش—ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. بالىلار ئاتا-ئانىلاردىن نېمىلەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تەلەپ-ئارزۇسىنى تۆۋەندىكى ئون نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: 1) ئاتا-ئانىلار بالىلار بار يەردە ئۇرۇشماسلىقى كېرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، مۇكەممەل، ئىناق-ئىتتىپاق ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەن. تۆت مىڭدىن ئارتۇق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئىناق ۋە بەختلىك ئائىلىلەردىكى بالىلار ئىچىدە «ئۈچتە ياخشى» بولغانلىرى 20.8 پىرسەنتنى، مىجەز-خۇلقى شوخلىرى 40 پىرسەنتنى، ئەركە ئۆسكەنلىرى 4.8 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن؛ ئەكسىچە، ئاتا-ئانىسى ئىناق ئۆتمەيدىغان، دائىم ئۇرۇشىدىغان، ھەتتا نىكاھىدىن ئاجراشقان ئائىلىلەردە ئۆسكەن بالىلارنىڭ «ئۈچتە ياخشى» بولۇش نىسبىتى ئاران 15 پىرسەنتنى، ئەركە

ئۆسۈش نىسبىتى بولسا 17.2 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. 2) ئاتا - ئانىلار ھەدېسىلا بالىلارغا چېچىلماسلىقى ياكى كايىماسلىقى كېرەك. 3) ئاتا - ئانىلار ھەممە بالىلىرىغا ئوخشاش كۆيۈنۈشى كېرەك. پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئانىنىڭ كۆيۈنۈشىگە ئېرىشەلمىگەن بالىنىڭ روھىي ھالىتى تۇراقسىز، چوڭ مېڭىسىنىڭ يېتىلىشى تولۇق ئەمەس، سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشىش ۋە ئىنكاس قىلىش ئىقتىدارى ناچار بولىدىكەن. بەزىلىرى روھسىز، مىجەزى غەلىتە بولۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن سەسكىنىپ، روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن. 4) ئاتا - ئانىلار ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشى ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشى كېرەك. 5) ھەرقانداق ۋاقىتتا بالىلارغا يالغان سۆز قىلماسلىق كېرەك. 6) ئاتا - ئانىلار بالىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەتراپلىق جاۋاب بېرىشى كېرەك. 7) بالىلارنىڭ دوستلىرى مېھمان بولۇپ كەلسە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشى كېرەك. 8) بالىلارنىڭ دوستلىرى ئالدىدا بالىنىڭ كەمچىلىكىنى ئېيتماسلىق ياكى ئاشكارىلىماسلىق كېرەك. 9) ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆزىتىشكە ۋە ئۇلارنى تەقدىرلەشكە دىققەت قىلىشى كېرەك. 10) ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى يېقىن ھەم يېقىملىق بولۇشى كېرەك.

**ئاتا - ئانىلار ئۆزى تەربىيىلەيدىغان ئوبيېكتىنى تەتقىق قىلىپ، بىر خىل دېموكراتىك، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك**

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى ۋە دېموكراتىك سىياسىي راۋاجلانغان بۈگۈنكى كۈندە، دېموكراتىك، ئىلمىي بولغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىپ، ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە، كىشىلىك غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئادەتتە، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئائىلە تەربىيىسىدە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن تەربىيىلەشنى سۆز ئارقىلىق تەربىيىلەشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭدا ھەر بىر ئاتا - ئانىدىن بالىلارغا ئۈلگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىسا، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ. پەرزەنتلىرىنى بولۇشىغا تاشلىۋېتىش، كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئىشەنمەسلىك، ئەيىبلەش، تەنبىھ بېرىش، ئورۇندىيالمايدىغان ئىشلارغا قىستاش، ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق باشقۇرۇش — ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلىرىنى ئىجادچانلىقتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، چېكىدىن ئاشقان قاتتىق ئائىلە تەربىيىسى ئەمەلىيەتتە ئىككى ئەۋلادنى ئۆزئارا يىراقلاشتۇرۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئائىلىسىدىن بىزار قىلىدۇ. مىجەزى ئېغىر بالىلاردا قورقۇنچاقلىق، ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ. مىجەزى ئوچۇق بالىلاردا يۈز ئۆرۈش، قارشىلىق كۆرسىتىش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.



## مۇھەببەت بار يەردە ئاغرىنىش بولماسلىقى كېرەك

دېرىزىنى ئېچىپ كوچىغا قارىدىم،
ۋاقىت توپتوغرا كەچ سائەت ئالتە،
خوتۇنۇم نۆۋەتچى ماشىنىدىن چۈشۈۋې-
تىپتۇ. ئۇ يولدىن توغرىلاپ ئۆتۈپ، ئۆي-
گە قاراپ ماڭدى. قولىدا چوڭ - كىچىك
خالتىلارنى كۆتۈرگەن، ناھايىتى ھارغىن
كۆرۈنەتتى. مەن دەرھال كەينىمگە بۇرۇ-
لۇپ، پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، بى-
نانىڭ ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋالدىم.

مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق
قىلىمەن.

بىراق، بۇ دەل ھەممەيلەن ئىشتىن
چۈشىدىغان ۋاقىت بولغاچقا، ھەممىشە بە-
زىلەرنىڭ ئارقامدىن مەسخىرە قىلىپ قارا-
ۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. بۇلار قولۇم - قوش-
نىلار ئىدى. يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ تولى-
سى قوشنا ئۆيلەردىكى ئاياللار.

لېكىن، گەپ - سۆز قىلىدىغانلىرى
ئاياللار ئەمەس، قوشنىلار ئىچىدىكى ئەر-
لەر. بىر كۈنى كارىدورنى سۈپۈرۈۋاتسام،
ئەرلەردىن بىرى: «ۋاھ، يارايسەن، قىل-
مايدىغىنىڭ يوقتە!» دېدى. يەنە بىر قېتىم،
ئۆيگە مېھمان كېلىپ، مېۋە شۆپەكلىرى
يىغىلىپ كېتىپتىكەن، ئەخلەت تۆككىلى
چىققسام، ئەرلەردىن يەنە بىرى — يان قوش-
نىمىز: «سەن، خوتۇنىڭدىن بەكلا قور-
قىسەن - دە!» دېدى.

مەن ئۇلارنىڭ تەنە گەپلىرىگە پى-
سەنت قىلماي، ئۆز ئىشىمنى قىلىۋېرەت-
تىم. بەزىدە ئەتەي غىڭشىپ ناخشا ئېي-
تىپمۇ قويىمەن، ھەتتا چوڭ كوچىغا
چىقىپ خوتۇنۇمنى كۈتۈپمۇ ئالىمەن.
بۇنداق چاغلاردا خوتۇنۇم مېنىڭدىن مىن-
نەتدار بولۇپ، چىرايىدىكى ھارغىنلىق
ئالامەتلىرى شۇئان تۈگەپ، بىردىنلا روھ-
لىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مەمنۇن بولۇشى
مېنىمۇ تەسىرلەندۈرۈپ خۇشال قىلاتتى.
ئىچىمدە، ئوبدان ئىش قىلدىم، ھەر ھالدا
مەن ئۇنىڭ ئېرى - دە! دەپ ئويلايتتىم.

خوتۇنۇم زاۋۇتتا ئىشلەيتتى، زاۋۇت
ئۆيگە يىراق ئىدى، نۆۋەتچى ماشىنا
بىلەن 40 — 50 مىنۇتتا ئاران ئۆيگە كەل-
گىلى بولاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ
مەندىن بىر يېرىم سائەت بۇرۇن تۇرۇپ،
ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلاپ، باللارنى
مەكتەپكە يولغا سېلىپ ئاندىن ئىشقا ما-
ڭاتتى. مەن ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ تەييار تاماقنى يەپ ئىشقا
ماڭاتتىم، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭ مې-
نىڭدىن كۆپ جاپا چېكىدىغانلىقىنى ھېس

قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا بەزى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان، ئۇ كەلگىچە تاماق تەييارلىغاچ تۇرىدىغان بولدۇم، كېيىن تاماق ئېتىشنى پۈتۈنلەي ئۈستۈمگە ئالدىم.

خوتۇنۇم باشقىلارغا «بىزنىڭ ئۆيدە كەچلىك تاماقنى ئېرىم ئېتىدۇ» دەۋېرىدۇ، مەنمۇ دوستلىرىمغا يوشۇرمايلا «بىزنىڭ ئۆيدە كەچلىك تاماق ئېتىش مېنىڭ ئىشىم» دەيمەن. بىز ئۈچۈن بۇنداق قىلىش بىرسىنى كۆتۈرۈپ، بىرسىنى چۈشۈرگەندەك بىلىنمەيدۇ. بەزى ئەرلەر ئۆيگە بالدۇر قايتىپ كەلسىمۇ، گېزىت كۆرۈپ، تاماكا چېكىپ خوتۇنىنىڭ كېلىپ تاماق ئېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ؛ بەزى ئەرلەر قەستەن ئۆيگە قايتمايدۇ، ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ بېرىپ قالماي دەپ، كوچىدا لاغايلاپ يۈرىدۇ؛ مېنىڭچە بۇ راسا ئەخمەقلىق. بالدۇرراق ئۆيگە قايتىپ بالدۇرراق تاماق ئەتسە، بالدۇرراق تاماق يەيدىغان گەپ ـ تە! گويا ئاغرىنىشمۇ بىر مودا بولۇپ قالغاندەك قاچاندىن تارتىپكىن، مەن ئەرلەرنىڭ ئائىلىسىدىن ئاغرىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. بەزىلەر خوتۇنىدا ئاياللارغا خاس خۇلق يوقلۇقىدىن ئاغرىنىدۇ؛ بەزىلەر خوتۇنىنىڭ تېرىككەكلىكىدىن ئاغرىنىدۇ؛ بەزىلەر خوتۇنىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قاملاشتۇرالماي ئۆزىگىمۇ بەزى ئىشلارنى ئارتىپ قويغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ؛ بەزىلەر خوتۇنىنىڭ دائىم ئۆزى بىلەن باراۋەرلىك تالىشىدىغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ ۋە باشقىلار. كىمدە كەمچىلىك يوق؟ تۇرمۇشتا ئەسلى جاپا كۆپ، راھەت ئاز، راستىنى ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ئىشى ئاسان ئەمەس.

خوتۇنۇم ئىككىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ساۋاقداش ئىدۇق، كېيىن توي قىلدۇق. بىز بىر ـ بىرىمىزگە ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىغان. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىمۇ ئاز ئەمەس، بىراق، مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى ئاشۇ كەمچىلىكلىرى بىلەن قوشۇپ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئەمەسمۇ؟ كېيىنكى كۈنلەردە بىز ناھايىتى ئىناق ئۆتتۇق، چۈنكى، مەن ئەزەلدىن مۇھەببەت بار يەردە ئاغرىنىش بولماسلىقى كېرەك، دەپ قاراپ كەلدىم. سېنىڭ خوتۇنۇڭ ساڭا بىرى تاڭغان خوتۇنمۇ؟ ياق. سەن ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟ ھەئە. ئۇنداق بولسا نېرى ـ بېرى گەپلەرنى قىلمايلا قوي. ئەرلەرنىڭ ئاغرىنىشى ئاياللارنىڭ ئاغرىنىشىدىنمۇ بەتتەررەك كىشىنى بىزار قىلىدۇ. مۇھەببەت بولغانىكەن، ئاغرىنماسلىق كېرەك، مانا بۇ ئەركەكلىك. ئەرگە خاس جاسارەت.

ئەر بولغان ئادەم ئۆز ھەرىكىتى بىلەن خوتۇنىنى يۆلەنچۈكۈم، مېھرىبانىم بار، دېگەن تۇيغۇغا ئىگە قىلىشى كېرەك. مېنىڭ خوتۇنۇمغا بويسۇنۇشۇم، باشقىلارنىڭ «لاتاپۇرۇش»، «خوتۇنىدىن قورقىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماسلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېنىڭچە، ئائىلە تۇرمۇشىدا، ئەسلى ئۇنچىۋالا نەزەرىيە ساتقۇدەك نەرسە يوق. مەن خوتۇنۇمنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا، ھەممە ئىشتا ئۇنى ئىگە قىلىمەن. مەن ھەمىشە خوتۇنۇم سىممېنىدا كۈن بويى ئىشلەپ، ھېرىپ ـ چارچايدۇ، بەزىدە كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارغىمۇ يولۇقىدۇ، بۇ ھالدا ئائىلە ئۇنىڭ ئارام تاپىدىغان جايى بولۇشى كېرەك، ئۇ بىر كۈن ئىشلەپ ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەندە، قانداقمۇ يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاغرىناي، دەپ ئويلايمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئېيتىمەنكى، مۇھەببەت بار يەردە ئاغرىنىش بولماسلىقى كېرەك!

ـ م. ئىلاخۇن تەرجىمىسى

# ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا

ھەممە ئادەم ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما رېئاللىق كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمىغاچقا، ھاياتلىقتا ھەرقانداق ئادەم ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش بىلەنلا تۈگىشىپ كېتىش — ئىرادىسىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ھاياتقا كۆيۈنمەيدىغان ئادەمنىڭ ئىشى. ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار كىشىلەر ھاياتتا ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ دائىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىدىغانلىقىنى، قەتئىي ئىرادە بولسىلا ھەرقانچە چوڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسىمۇ ھامان يېڭىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

دۇنيادىكى ئۆگىنىدىغان بىلىملەر قاتارىدا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا بىلمىسە بولمايدىغان مۇنداق ئاددىي ساۋاتلارمۇ بار: سىز ھېسسىياتىڭىزنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالماڭ، ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى (ھېسسىياتىڭىزنى) كونترول قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، شۇندىلا ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىسىز. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالمايسىز. ئۈمىدۋار بولۇڭ، ئوڭۇشسىزلىقلار سىزنى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ، پەقەت ھاياتىڭىزنى قەدىرلەشنى، ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىشنى بىلسىڭىزلا.

خۇش خۇي بولۇڭ. بىر نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرى بىمارغا مەيلى قانداق شارائىت بولسۇن خۇشال-خۇرام، كۈلۈپ يۈرۈشنى ئېيتقان. بىمار دوختۇرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مۇمكىن بولسىلا كۈلۈپ يۈرگەن. ھېچ بولمىغاندا چىرايىدىن تەبەسسۇمنى يوقاتمىغان. بۇ ئۇسۇل تېزدىن ئۈنۈم بېرىپ بىمار ئۇزاق ئۆتمەيلا ساقىيىپ كەتكەن. ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا، ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى خۇش خۇي تۇتۇش، شۇ كىشىنىڭ ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالامەت. سىز ئاشۇ خۇش خۇيلۇقىڭىز بىلەن ھېچ بولمىغاندا باشقىلارنىڭ سىزگە ئىچ ئاغرىتقان ھالىتىنى كۆرمەيسىز.

مەيلى قانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماڭ، ئۇنى كۆڭلى-كۆكسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىڭ. ئۇنى يادلىغانىنىڭ ياخشىلىقتىن يامانلىقى كۆپ بولىدۇ. ئامال بار ھاياتىڭىزدىكى كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئەسلەڭ، گۈزەل كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. قىزىق، كۈلكىلىك گەپلەرنى ئاڭلاڭ ياكى قىلىڭ. ئومۇمەن ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىڭىزگە خۇشاللىق، ئاراملىق ئىزدەڭ. بۇنىڭ بىلەن ئۇزاققا قالماي ئۇنچىۋالا بىئارام بولۇپ كەتمەيدىغان بولىسىز.

مۇمكىن بولسا بىر مەزگىل باشقا جايلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ. مۇھىت ئالماشقاندا، ئادەمنىڭ كەيپىياتىمۇ ئۇنىڭغا ماس ھالدا جانلىنىپ قالىدۇ. باشقا جاينىڭ مەنزىرىلىرى، ئۆزگىچىلىكلىرى سىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. كۆرۈپ-كۆرۈپ قانمايسىز.

ھاياتتا غالىبلاردىن بولۇشنى خالايدىغانسىز؟ ئۇنداقتا ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا ھەرگىزمۇ بېشىڭىزنى ئەگمەڭ.

ئابدۇكېرىم تەييارلىغان

# ئاياللار خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1989 - يىل ئۆكتەبىر (10 - سان)

## ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىلدى

ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى 1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ سىشۆ، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھىنۇر قاسىم قاتارلىق رەھبەرىي يولداشلار يىغىن مەيدانىغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشقان يولداشلاردىن سەمىمىي هال سورىدى ھەمدە سۆز قىلدى.

يىغىندا يولداش خەلچەم ئىسلام بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەت، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ خۈيشيەن ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتى 4 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش لى گو بالىلار تەرەققىياتى ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇ يىڭخۋا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بالىلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن ئىلغار شەھەر (ناھىيە)لەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا يەنە دۆلەت بايرىمىدىن بۇرۇن ئېچىلىدىغان «شىنجاڭ ئاياللىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ۋە ئاياللار بالىلار بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى تەكشۈرۈلدى. ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

ئارزىگۇل تۇرسۇن

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 8 - ئايدا قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

كۇرستا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى، يولداش چېن مۇخۇانىڭ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى دائىمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ئۆگىنىلدى.

## ئاپتونوم رايونلۇق دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئايال كادىرلارنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلدى

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئايالالر بىرلەشمىسىدە «ئاپتونوم رايونلۇق دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئايال كادىرلارنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى»نى قۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئايالالر بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى خەلچەم ئىسلام يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: — رايونىمىزدا زور بىر تۈركۈم دەم ئېلىش، پېنسىيىگە چىققان (2-سەپكە چېكىنگەن) ئايال كادىرلار بار. ئۇلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا نەچچە ئون يىل كۆرەش قىلغان. ھازىر گەرچە ئۇلار خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىدىن ئايرىلغىنى يوق. بۇنداق دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى — ھەر قايسى سەپلەردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئايال كادىرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىش، قىزغىنلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بېرىشكە پايدىلىق.

بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى لولەننى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي چىڭمىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھىنۇر قاسىم يىغىنغا قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

قۇندۇز مۇھەممەت

## سامىيۈزى يېزىسىدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشتى

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ سامىيۈزى يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەتىيازدىن بېرى 40 مىڭ 786 باش غاز، 13 مىڭ 716 ئۆردەك، 58 مىڭ 572 توخۇ بېقىپ، ئەي بولۇش نىسبىتىنى 96 پىرسەنتكە يەتكۈزۈپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. 7816 مو يەردىكى قوناقنى ئوتاپ، مايسىلىرىنى مۇقىملىدى. ئاياللارنىڭ سۇ تۇتۇشقا ياردەملىشىشى بىلەن 21 مىڭ مو كۈزلۈك بۇغداي، 9000 مو زىغىر، 1100 مو ئۈزۈن تالالىق زىغىر ۋە ئورمانلار، سەي كۆكتات، قوغۇن — تاۋۇزلار سۇيىغا قاندۇرۇپ سۇغىرىلدى. 1200 كۇب ئۆلچەملىك شېغىل تاشقالدى. 2752 تراكتور مال ئوغۇتى ئېتىز بېشىغا يۆتكىلىپ، قوناققا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ئوغۇتقا كاپالەتلىك قىلىندى. 175 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ھازىرلاندى.

ئۇنىڭدىن باشقا سەككىز كەنتتە 23 باللار باغچىسى، يەسلى قۇرۇپ، 368 نەپەر بالىنى تەربىيىلەپ، خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياراتتى.

قاسىم غىياس



# نەزىرمۇ ياكى تويمۇ ؟

(ھېكايە)

ئايتۇرسۇن دەترىھىم

بۈگۈندىن ئالتە كۈن ئىلگىرى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان ھېلىقى خىزمەتدىشىمىزنىڭ «يەتتە نەزىرىسى»گە بۈگۈن قازان ئېسىلدى. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيانقى تەييارلىق ۋە بۈگۈن باش توخۇ چىللىغاندىن تارتىپ ئونبەش ـ يىگىرمەچە كىشىنىڭ پۇتى ـ پۇتىغا، قولى ـ قولىغا تەگمەي خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، نەزىرنىڭ خېلىلا ھەشەم ـ دەرەم بىلەن چوڭ ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى «مانا مەن» دەپلا تۇراتتى.

تۈن پەردىسى يىرتىلغاندىن باشلاپ قوش قاناتلىق دەرۋازا بوسۇغىسىدىن قەدەم ئالغىلى تۇرغان ئەر مېھمانلارنىڭ ئايىغى كۈن تىكلىنىشكە ئاز قالغاندا ئاران ئۈزۈلدى. تۆت ئېغىز ئۆينىڭ ھەر بىرى ئون ـ ئونبەش قېتىمدىن ئادەمگە تولۇشتى. بۈگۈنكى ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشسا، مەرھۇمنىڭ روھى تولىمۇ خۇشال بولاتتى. لېكىن تىرىكلەر «خۇشال بولىدىغان ئىش» تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

تۆت ـ بەش سائەتتىن كېيىن يىغلاـ چەينەك، تەخسە ـ پەتنۇس توشۇپ بېلىكى تالغانلار «ئۇھ» دېيىشتى، بىر مەزگىلچە يەلەن كېلىپ ئۆلارنىڭ ئىشىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ تاپ ئۇلارنىڭ قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى ياكى خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىش تەس ئىدى.

قەدىناس ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا «قان» ئاققۇزۇپ ئورنىدىن تۇرغۇدەك مادارى قالمىغان ئايال ياتقان يېرىدىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، بىلىكىدىكى تىرناقچىلىك سائەتكە كۆزلىرىنى چىمچىلاتقىنىچە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاشقۇچتىكى ئۆلۈشكۈن ئېسىپ قويغان ئاق روملىنى قارا دۇخاۋا نىمچا ئۈستىدىن تاڭىشىغىچە كېلىشتۇرۇپ سېلىپ، ئىككى ئۇچىنى ئېگىكىدىن چىگىپ بولغىچە، شەرەنداز قىزى بىر سويام كېۋىنى بار كەمچەت تۇماقنى رومال ئۈستىدىن قوندۇرۇپ ئۈلگۈردى. قالغانلارمۇ ئۆزلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە تۈزەشتۈردى. بۇ چاغدا سائەت ستىرېلكىسى ئىككىنى كۆر-

سەتكەنىدى.

چۈشتىن كېيىن كېلىدىغان مېھمانلار ئەتىگەنكىدىن كۆپرەك بولسا كېرەك. ئاياللار بىر - بىرلەپ كىرگىلى تۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە، ھەرقايسى ئۆيلەرگە كىرگۈزۈلۈۋاتقان تەخسە - پەتنۇسلار ئالتە - يەتتە قېتىمدىن ئالمىشىپ بولدى. داستىخاندىكى قورۇما، پولۇ يۇقى تەخسىلەرنىڭ دۈمبىسى يەردىن كۆتۈرۈلە - كۆتۈرۈلمەي تۇرۇپلا باشلىنىدىغان «ھەشقاللا رەھمەت» لەر ھەر قېتىمدا ئون - ئونبەش مىنۇتتىن داۋاملىشىۋېرىپ، ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. داستىخان ئاخىرىدا مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئوقۇلىدىغان «خەتمە قۇرئان»نى ساقلاپ ئولتۇرغان ياشانغانلارمۇ ئاخىرى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مېھمانلارنىڭ ئايىغى ھېچ ئۈزۈلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەللىك - ئاتمىشچە ئادەم سىغىدىغان بۇ چوڭ ئۆيگە چۈشتىن كېيىن بەشىنچى قېتىم تولغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ قورۇما، پولۇ تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن ھېلىقى «تەكەللۇپ» لار يەنە باشلاندى:

— قۇدام، ئۆزلىرىگە ئاز بولسىمۇ بىر پەلتۇلۇقۇم، بىر كۆڭلەكلىكىم بار ئىكەن.

— رەھمەت، قۇدام، نېمانچە كايىپ كەتكەنلا؟!

— ئۆزلىرىگە لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، بىر پەلتۇلۇقۇم بار ئىكەن.

— ۋاي رەھمەت! قۇدام، بۇمۇ لازىم ئەمەستى.

— قۇدام ئۆزلىرىگە ئاز بولسىمۇ...

— رەھمەت، قۇدام، بۇنچىلا كايىمىسىلىمۇ بولاتتى. قۇدا ۋە ئۇ قۇدىلارنىڭ قۇدىسى ئەنە شۇ تەرىقىدە سارجا، سۆكنۇ، شىپىلىك دۇخاۋا، دىراپ، ئىنگلىشىن — قاتارلىق قىممەت باھالىق رەختلەر تىزىلغان پەتنۇسلارنى ئالدىراپ ئۇيان - بۇيان يۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن، «ھەشقاللا - رەھمەت» قىز - كېلىن ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلارغا كۆچتى:

— ئانا، ئۆزلىرىگە ئاز بولسىمۇ...

— رەھمەت، بالام.

— قىزىم، ئۆزلىرىگە لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ...

— رەھمەت، ئانا. بۇنداق قىلمىسىلىمۇ بولاتتى.

— خاناچا، ئۆزلىرىگە...

— رەھمەت، ئۇكام، كايىمىسىلىمۇ بولاتتى.

— .........

بۇ ئىشلار بۇ سورۇننى چۈشىنىكسىز بىر سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ تېتىقسىزلىقتىن زېرىكتى بولغاي، ئاخىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى ۋە:

— بۈگۈن بۇ ئۆيدە زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ نەزىرمۇ ياكى تويمۇ بىلمەي كەپقالدۇقمۇ - نېمە؟ — دېيىشىپ، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتى.

«ھەشقاللا - رەھمەت» قايىنىمىغا چۈشۈپ كەتكەن «ھازىدارلار»نىڭ قۇلىقىغا بۇ تەنىلەر كىرمەك تۈگۈل مېھمانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى.





# مارجان

(هېكايە)

زۇلپىيە

ئاۋات شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان
ماگىزىنغا ئۇچىسىغا چىت كۆڭلەك كىيگەن،
بېشىغا ئاق رومال سالغان، چىرايى ئاپتاپتا
قارىيىپ كەتكەن ئەللىك ياشلارچامىسىدىكى
بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ خېرىدارلار
ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، زىب - زىننەت -
لەرگە سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن پېركاز-
چىك قىزغا:

— خان قىزىم، ئاۋۇ مارجاننى ئېلىپ
بېقىڭا كۆرۈپ باقاي، — دېدى. مومايىنىڭ
بۇ سۆزى پۈكەيدىن سەل نېرىدا بىرسى
بىلەن قىزغىن سۆزلىشىۋاتقان، يېڭى مو -
دىدا كىيىنگەن پېركازچىك قىزنىڭ قۇ -
لىقىغا كىرمىدى. موماي بايىقى سۆزىنى
يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

— قىزىم مەن ئالدىرايتتىم، خاپا بولما -
ماي ... قىز پىنسەنت قىلماي تۇرۇۋېر -
گەنلىكتىن باشقا پۈكەيدە مال سېتىۋاتقان
بىر پېركازچىك:

— ماھىرە، ئاۋۇ موماي بىر نەرسە
ئالىدىغان ئوخشايدۇ، —دېدى.

«ماھىرە! دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ
مومايىنىڭ يۈرىكى باشقىچە سوقۇپ كەتتى.
ئۇ تېخى ئاخشاملا ئوغلى ئەلىنىڭ ئاغزى -
دىن مۇشۇ ئىسىمغا ئوخشاش ئىسىمنى
ئاڭلىغانىدى.

— ئانا، — دېگەن ئىدى ئەلى ئۇنىڭغا، —
سېنىڭ ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى،
مەن بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ماھىرە
ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشقان ئىدىم،
بىر - بىرىمىزنى خېلى چوڭقۇر سىناشقاندىن
كېيىن توي قىلىشقا ۋەدىلەشتۇق. سەن
بۇ ئىشىمىزغا قوشۇلارسەنمۇ؟...

— ياخشى بوپتۇ ئوغلۇم، خۇدا بەخ -
تىڭنى بەرسۇن، — دېگەن ئىدى موماي خۇ -
شال بولغان ھالدا ۋە بولغۇسى كېلىنىگە
ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسە ئېلىپ بې -
رىش نىيىتىدە تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئاردى -
لىقنى يىراق كۆرمەي شەھەرگە قاراپ
چاپقانىدى.

— ھە، نېمە ئالىسىز؟ — مومايىنىڭ
خىيالىنى تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال
بۇزۇۋەتتى، موماي ئالدىدىكى پېركازچىك
قىزغا قاراپ سەل ھودۇققان ھالدا:

— مۇشۇ مارجانلارنىڭ ھەر خىلىدىن
ئېلىپ باقسىڭىز، كۆرۈپ باقسام، —...دېدى.

— تاللاپ ئالدىغان ئىش يوق، «قىبرىغاندا قېرى تاتۇق» دەپ مۇشۇ ھالىغا مارجان تاقاپ، نېمە قىلاتتىمكى، — دېدى ماھىرە غۇدۇڭشۇپ.

— قىزىم سىز بىلمەيسىز، — دېدى ماماي مۇلايىملىق بىلەن مەن بۇنى سىزگە ئوخشاش، چىرايلىق كېلىن قىزىمغا دەپ سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىمەن.

— نېمە؟ ماڭا ئوخشاش چىرايلىقمىش تېخى! دېدى ماھىرە سەھرالىق مومايىنىڭ كېلىنىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ. موماي خۇشال كەيپىياتتا پۈتۈن دىققىتى بىلەن مارجان تاللىماقتا ئىدى. ماھىرە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مومايىنىڭ مۇنداق ئەزمىسىنى ئېزىپ تاللاشلىرىدىن زېرىكتى بولغاي، ئەيىنەك ئىچىدىن بىر مارجاننى ئېلىپ مومايغا تەڭلىدى ۋە مەسخىرە ئاھاڭدا ماۋۇ مارجاننى كۆرۈپ بېقىڭ، ئېھتىمال بۇ سىزنىڭ چىرايلىق كېلىنىڭىزگە ياراپ قالار؟ — دېدى.

چىراغ يورۇقىدا بۇ مارجان مومايغا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ دەرھاللا:

— قىزىم بۇ مارجانغا نەچچە پۇل بەرسەم بولار؟ — دېگىنىچە يانچۇقىدىن قول ياغلىقىغا ئوراۋالغان پۇلنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى. مومايىنىڭ قولىدىكى پۇلنى كۆرگەن ماھىرەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئوتتۇز سوم، — دېدى پەس ئاۋازدا.

— مانا قىزىم، — موماي ئون يۈەنلىك پۇلدىن ئۈچىنى ساناپ ماھىرەگە بەرگەندىن كېيىن، مارجاننى باشقا بىر ياغلىققا ئوراپ خۇشال ھالدا ماگازىندىن چىقىپ كەتتى. يەتتە كويلۇق مارجاننى ئوتتۇز كويغا ساتقانلىقىدىن خۇشال بولغان ماھىرە بېشى ئاغرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆيىگە قايتتى.

ماھىرە يىگىتى بىلەن ۋەدىلەشكەن ئۇچرىشىش ۋاقتىغا يەنە تۆت سائەت بارلىقىغا قارىماي، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. پەردازلىرىنى يېڭىلىدى. لېكىن بۇلار ئۈچۈن پەقەت بىر سائەتلا ۋاقىت كەتتى. ئۇ ئەلىنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭلاشقا ئەلى توي قىلىش تەلىپىنى قويغاندا ئۇ كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. كۈتكەن ۋاقىت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەينەككە يەنە بىر قېتىم قاراۋەتكەندىن كېيىن، خەلق باغچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئەلى ئۇنى كونا جايدا ساقلاپ ئولتۇراتتى. ماھىرە ئەلى بىلەن قىسقىچىلا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

— ماھىرە، — ئاپام سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى ئاڭلاپلا، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئىسمىڭىزنى يادلاپلا يۈرىدۇ، — دېدى ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنداقمۇ؟ — دېدى ماھىرە خىجىل بولۇپ.

— ئەمدى گەپ سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەردە قالدى، — دېدى ئەلى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بولغان، — دېدى ماھىرە.

— بۇ ئاپامنىڭ سوۋغىتى، — ئەلى ماڭار چېغىدا ئانىسى بەرگەن تۈگۈنچەكنى ماھىرەگە سۇندى.

— ئاپىمىزغا رەھمەت! — دېدى ماھىرە.

— ئاپام سىزنى ھېلىتىمدىن ئەتىۋارلىغىلى تۇردىغۇ، — دېدى ئەلى، — ئۇ بۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ماڭىمۇ ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ياغلىقنى يەشتى.

— ھە؟ .... مارجان! — ماھىرە ھودۇققان ھالدا ۋارقىرىۋەتتى.

# پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك

بەزى كىشىلەر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن قېرىدىم، بىكار قالدىم، دەپ ئويلاپ، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىغا كىرىۋالىدۇ. بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس.

پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇش ئۆز ۋاقتىنى ئۆزى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرىدىغان تۇرمۇشقا ئۆزگىرىدۇ. بۇ چاغدا ھەقىقەتەن بەزى كىشىلەر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئەگەر سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى، ئاخىرقى ئۆمرىڭىزنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىكەنسىز، ئۇ ھالدا پېنسىيىگە چىقىشنى تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى بىر خىل ئۆزگىرىش دەپلا قارىشىڭىز ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشقا ئىجابىي مۇئامىلە قىلىشىڭىز لازىم. شۇڭا، سىز كۈننى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي بىرەر نىشان بەلگىلەپ، پىلان تۈزۈپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىڭ. دەرۋەقە، بۇنداق پىلان ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، زېھنىي كۈچ - قۇۋۋىتىگە ئاساسەن تۈزۈلۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرى ئىشلىگەن كەسپىي خىزمىتىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ، پىلان كۆرسىتىپ «مەسلىھەتچى» بولسا ياكى ئۆز تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ ئەسەر يېزىپ چىقسا ياكى ھەر خىل ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە، تەتقىقات يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرسا، ياكى ئۆزى قىزىقىدىغان، كۈچى يېتىدىغان باشقا پائالىيەتلەرگە قاتناشسىمۇ بولىدۇ. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن تىرىشىش نىشانىسى ئېنىق بولغان كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ئەھۋالى، زېھنىي كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇزاققىچە ياخشى ھالەتتە تۇرىدۇ، ئاخىرقى ئۆمرى ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

بەزىلەر ياشانغان كىشىلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ تەكشۈرۈپ كۆرگەن. بىر گۇرۇپپىدىكى ياشانغانلارنىڭ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ماددىي تۇرمۇش شارائىتى باياشات بولسىمۇ، بىكارچىلىقتا زېرىكىپ ئاران كۈن ئۆتكۈزگەن، يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى ياشانغانلار پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى تۇرمۇشقا ئىجابىي مۇئامىلە قىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان. نەتىجىدە مەيلى قېرىش، ئاجىزلىشىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشتا بولسۇن ياكى ئۆمۈرنى ئۇزارتىشتا بولسۇن، كېيىنكىلەر ئالدىنقىلاردىن ياخشى بولغان.

«خىزمەت — قېرىش، ئاجىزلىشىشنى ئاستىلىتىشتىكى بىباھا گۆھەر»، بۇ قېرىلىق ئىلمىي ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈش جەريانىدا ھاسىل قىلغان خۇلاسىسى. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىغان: «پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى مەزگىل ھېچ ئىش قىلمايدىغان مەزگىل بولماستىن، بەلكى ئاكتىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان مەزگىل. شۇڭا، تۇرمۇشقا قىلىنغان مۇئامىلىنىڭ ئۆزى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى بىر خىل ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر. 90 ياشلىق بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن كۆپرەك ئىش-

# ئوغۇللار ياقتۇرمايدىغان سۆز تىمىسى

قىزلار ئوغۇللار بىلەن باردى - كەلدى قىلىش جەريانىدا مەيلى قارشى تەرەپ بىلەن قانچە يېقىن بولمىسۇن، ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئۇن خىل مەزمۇندا سۆز ئېچىپ ئۇلارنى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

1. ئوغۇللار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇلارنىڭ «پەيپەكباش»لىقىنى تىلغا ئېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئوغۇللار بۇ كەپنى ئوغۇل دوستى قىلسا ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. ناۋادا بۇ سۆزنى قىزلاردىن ئاڭلىسا ناھايىتىمۇ خىجىل بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار قىزلارنىڭ ئالدىدا جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقىتىپ قويۇشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ.

2. ئوغۇل دوستىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئانىسىنى ئەيىبلەشتىن ساقلىنىش لازىم، چۈنكى ئانا ئوغۇل بالىنىڭ ھاياتىدا ئوبرازىغا تەسىر يېتىشنى خالىمايدىغان ئەڭ مۇھىم كىشى، شۇڭا ئانا ئەيىبلەنسە ئوغۇل بالىنىڭ ھېسسىياتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ.

3. ئوغۇل دوستىنىڭ «رومانتىك سۆز - ھەرىكەت»لىرىنى ئۇستى - ئۇستىلەپ ئەيىبلىمەسلىك لازىم. چۈنكى ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىنى ئاجايىپ ھېسسىياتچان ھېسابلايدۇ، ناۋادا قىزلار ئۇلارنىڭ بۇنداق رومانتىك مىجەزىنى كۆزگە ئىلمىسا، بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە بوپقېلىشى مۇمكىن.

4. ئوغۇل دوستىنىڭ تاماق يېيىش ئادىتى ئۇستىدە پاراڭ سالماسلىق لازىم، بولۇپمۇ تاماق تاللىشى توغرىسىدا سۆز ئاچماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلىش قارشى تەرەپكە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تاماقتىن لەززەتلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ قويغاندەك تەسىر بېرىپ قويىدۇ.

5. قىزلار ئوغۇل دوستى ئالدىدا باشقا ئوغۇللارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاپ سۆزلىمەسلىكى لازىم. چۈنكى ئەرلەرنىڭ سەۋرى - تاقىتى چەكلىك بولۇپ، بۇنداق گەپلەرگە ئاسانلىقچە چىداپ تۇرالمايدۇ ھەمدە ئۇنى مەقسەتلىك ھالدا كەمسىتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ.

6. ئوغۇللارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆزىنىڭ «قىز دوستى»دىن باشقا چىرايلىق قىزلارغا كۆز قىرىنى سالىدىغان ئادەت بولىدۇ. ئۇلار يېنىدىكى قىز دوستىنىڭ ھەرقانچە گۈزەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چىرايلىقراق قىزلار ئۇچراپ

لەش كېرەك، بۇ ھاياتلىقنىڭ ئاساسى بولىقى».

پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پايدىلىق بىر تەرىپى شۇكى، ۋاقىتنى ئۆزى كەڭتاشا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان قىلماقچى بولغان، لېكىن قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئۈمىدۋارلىق ۋە يۈكسەك مەقسەت بىلەن ئۆتكەن پېنسىيە تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

تەھرىر بۆلۈمى رەتلىگەن

قالسا ئۇلارغا زوقلىنىپ قا-
رايدۇ، باھا بېرىدۇ. بۇ
ئوغۇللاردا بولىدىغان تە-
بىئىي خۇسۇسىيەت، لېكىن
ئۇلار بۇ ئىش بىلەن
دائىم قىزلارنىڭ ئەيىبلىشىگە
ئۇچرايدۇ.
7. ئوغۇل دوستىنىڭ
خىزمىتىگە، ئائىلىۋى، خىز-
مەت ھەم مائاش دەرىجىسى-
نىڭ ئۆسكەن-ئۆسمىگەنلىكى،
خىزمەت ئورنىنىڭ ئالماش-
قان - ئالماشمىغانلىقى ھەق-
قىدە ئاشكارا ھالدا ئۆز
كۆز قارىشىنى قويماسلىقى
لازىم. چۈنكى ئۇنداق قىل-
غاندا يىگىتتە ئالغا ئىنتى-
لىش روھىغا قارىتا ئى-
شەنچىسى يوقكەن، ھازىر-
قى خىزمىتىدىن رازى ئە-
مەسكەن دېگەن ئۇقۇمنى
پەيدا قىلىپ قويىدۇ.
8. ئوغۇل دوستى نا-
ھايىتى ئاڭلىق بولۇپ ئائى-
لە ئىشلىرىنى تەڭ قىلىشنى
خالايدىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ
كەلگۈسىدە ئائىلىدە ئوينايـ
دىغان رولى توغرىلىق سۆز
ئاچماسلىق كېرەك، چۈنكى
ئەرلەر ھامان ئۆي ئىشلى-
رىنى قىلىش ئەرلىك غۇرۇ-
رىنى سۇندۇرىدۇ دەپ قا-
راشتىن خالى بولالمايدۇ.
9. ئوغۇل دوستى
بىلەن «پۇل خەجلەش»
توغرىلىق سۆزلەشمەسلىك
كېرەك. پۇل — ئوغۇل بالى-
غا نىسبەتەن ھوقۇقىنىڭ
سىمۋولى. ئەگەر قىز ئو-
غۇل دوستىدىن پۇلنى قان-
داق ئىشلىتىدىغانلىقى توغ-
رىلىق سورىسا، ئۇنىڭغا ھو-
قۇقنى قانداق ئىشلىتىدى-
غانلىقىنى سورىغاندەك تۇ-
يۇلىدۇ. دۇنيادا ئۆز ھو-
قۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا
ئۇچرىشىنى خالايدىغان بىر-
مۇ ئوغۇل بالا يوق.
10. ئوغۇل دوستى
بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇنىڭ
بەل ۋە قورسىقىنىڭ چوڭ-
كىچىكلىكىنى باشقا بەدەن
تۈزۈلۈشى كېلىشكەن يى-
گىتلەر بىلەن سېلىشتۇر-
ماسلىق كېرەك، چۈنكى،
ئوغۇللار بۇنداق قىلغاننى
ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ.

ئادىل ئابدىرېشىت تەرجىمىسى

## گۈزەللىك ھەققىدە
## مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرى

يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە تولغان رېيال تۇرمۇشتا ناھايىتى نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەر بولىدۇ، پاكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ھاياتىي كۈچكە تولغان رېيال تۇرمۇش ئىچىدە بولىدۇ.

— بېلىنىسكى

گۈزەل رەسىم، نەپىس ھەيكەل، يېقىملىق مۇزىكا، ياڭراق شېئىر ۋە شۇنداقلا تەبىئىي گۈزەللىك تەرىپىدىن قوزغالغان ھەر خىل ھاياجانلىق ھېسسىياتلار بولمىغاندا، ھاياتلىق لەززىتى يېرىمىدىن دېگۈدەك ئازىيىپ قالىدۇ.

— خ. سپېنسېر

گۈزەل نەرسىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە پەيدا قىلىدىغان ھېسسىياتى بىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان چاغدىكى قەلبىمىزدىن ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىق ھېسسىياتىمىزغا ئوخشايدۇ. بىز گۈزەللىكنى سۆيىمىز، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئالىمىز، ئۇنى خۇددى سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمىز.

— چېرنىشېۋسكى

زۇمرەت ئالىم تەرجىمىسى

# مىسىرنىڭ ئاخىرقى ھۆر خانىشى - پەرىدە



ئونبىر يىل خانىش بولغان پەرىدە (1938 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە) يېقىندا كىشىلىك دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. مىسىردىكى ئاددىي كىشىلەر خانىش ئورنىدا يەتكۈچە شان - شۆھرەت ئىچىدە دۆلەت كۆردى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئونبىر يىللىق ئوردا ھاياتىنىڭ دەرد - ئەلەم ۋە ئازاب بىلەن تولغانلىقىنى، بولۇپمۇ نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى قىرىق يىللىق تەركىدۇنيالىق تۇرمۇشىنىڭ يالغۇزلۇق ۋە بەختسىزلىكتە ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

پەرىدە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئالېكساندىر، دوپىر ئەينى زاماندىكى داڭلىق بايلاردىن ئىدى. پەرىدەنىڭ ئەسلى ئىسمى سىفىنناس بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن گۈزەل بولغاچقا دوستلىرى ئۇنى «كىچىك پەرىزات» دېيىشەتتى. بۇ ئاق كۆڭۈل «كىچىك پەرىزات» كىچىكىدىنلا نامراتلارغا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلاتتى.

سىفىنناس ئونبەش يېشىدا تەكلىپكە بىنائەن قاھىرەدىكى ئابدىن ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان سىفىنناس بۇنىڭدىن بەكمۇ يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ ۋە ھاياجانلىنىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ تاسادىپىي پۇرسەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئوڭۇشسىز تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟!

بۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدا سىفىنناس پادىشاھ پەرۇخنىڭ ئۈچ ئاچىسى بىلەن ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا پەرۇخ بىلەن تونۇشىدۇ. ئەمدىلا تەختكە ئولتۇرغان بۇ ياش پادىشاھنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ئەركىن، سالاپەتلىك ئىدى. پەرۇخ سىفىنناسنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ پۈتۈن بىر ئاخشام بىر جۈپ مۇھەببەتلىك كۆزىنى سىفىنناستىن ئۈزمەي نومۇسچان سىفىنناسنى بەكمۇ ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ.

گۈزەل سىفىنناسنىڭ كاتتا ئاقسۆڭەك ئائىلىسى بۇ بىر جۈپ مۇھەببەتداشنى نىكاھلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ سىفىنناسقا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى پەرىدەگە ئۆزگەرتىدۇ. «پەرىدە» ئەرەب تىلىدا تەڭداشسىز قىممەتلىك گۆھەر دېگەن مەنىنى بېرەتتى. شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋە ئىچىدە تۇرۇپمۇ سىفىنناس ئەسلىنى يوقاتمايدۇ. ئەكسىچە كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىگە سوئال نەزەرى بىلەن قارايدۇ. ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق

دەپ يازىدۇ:

«مەن ھەرگىزمۇ خۇشاللىق ھېس قىلمىدىم. تويلاشقان ئالتە ئايدىن بۇيان پەرۇخنىڭ ئىنتايىن شەخسىيەتچى، ئاچكۆز، ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى كۈچلۈك ۋە ئۆچ ئېلىشقا ئۇستا يىرگىنچلىك تەرىپىنى بايقىۋالدىم. مەن تەقدىرىمدىن بەكمۇ قورقۇۋاتىمەن. بۇ تويدىن يېنىۋېلىشنى بەكمۇ خالايتتىم. بىراق، بۇنداق قىلغاندا ئائىلەمنىڭ چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن». بۇ پەرىدەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ھېسسىياتىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنتايىن پۇشايمان قىلغان ھالدا خاتىرىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ «مەن بۇ نىكاھ كېلىشىمىنى بىكار قىلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالىسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ھە! بىراق، مەن يەنىلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭ گۆدەكلىكىدىن بولغانلىقىنى، تويدىن كېيىن تۈزۈلۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازىدۇ.

پەرىدە ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك ھېسسىياتتا پەرۇخ بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. توي ئاجايىپ داغدۇغىلىق، خۇددى «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىسىدا تەسۋىرلەنگەن ئوردا توي مەرىكىلىرىگە ئوخشاش ئۆتىدۇ. ئۇ كۈنلەردە مىسىرنىڭ ھەممىلا يېرى خۇشاللىققا چۆمگەن بولۇپ، پادىشاھنىڭ تويىنى مۇبارەكلىگىلى، سوۋغا - سالام تەقدىم قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. خانىش ئۇچىسىغا پارىژ پوسۇنىدا تىكىلگەن كۆمۈش ۋە مەرۋايىت قويۇلغان توي كىيىمى كىيگەن، بېشىغا ئالماس تاج تاقىغان بولۇپ، تېخىمۇ جەزىبىلىك كۆرۈنەتتى. بەش مېتىرچە سۆرۈلۈپ تۇرغان ئۇزۇن توي كۆڭلىكىنى سەككىز ئوغۇل بالا كۆتۈرگەن بولۇپ، پەرىدەنىڭ سەككىز ياشلىق ئىنىسى شېرىپمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى.

شېرىن ئايدىكى تۇرمۇش لەززەتلىك بولىدۇ. ياش پادىشاھ بىلەن خانىش يېڭى تويىنىڭ بەختىگە چۆمىدۇ. پەرىدەمۇ باي، ھەشەمەتلىك ئوردا تۇرمۇشىنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. لېكىن ياخشى كۈن ئۇزاققا بارمايدۇ. شېرىن ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا پەرۇخ ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ. پادىشاھ ئىتالىيىلىك بىر سەتەڭ راچىتىن ھاراق ئىچىشنى، قىمار ئويناشنى، ئاياللار بىلەن ئويناشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. پەرىدە بۇنىڭدىن بەكمۇ ئازابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئەينى ۋاقىتتا خورلۇققا ئۇچرىغان ئاياللاردەك غەزىپىم راسا قايناپ تاشقانىدى، مەندىكى ئاياللىق غۇرۇر بىلەن خانىشلىق ھوقۇق بىر - بىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشتى. مەن غۇرۇرلۇق ئايال بولۇشنى خالايتتىمكى، ھەرگىزمۇ خورلۇققا ئۇچرىغان خانىش بولۇشنى خالىمايتتىم.»

پەرۇخ پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى مۇنادا ماجىرۇي ئۆز ئەسلىمىسىدە پەرۇخ بىلەن پەرىدەنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولۇق بىر باب تەسۋىرلىگەن. بۇ ئەسلىمە 1985 - يىلى مىسىردا چىقىدىغان «ئۆكتەبىر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ماجىرۇي مۇنداق دەپ يازغان: پەرىدە ئوردىدىكى ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۆز دوستلىرىغا پەرۇخنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئۆيدە ئىنتايىن كەم تۇرىدىغانلىقىدىن خاپا ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى يەنە پادىشاھنىڭ ئاجرىشىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن مىسىر-

دىكى ئەڭ نوپۇزلۇق زاتلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلاردىن قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پەرىدەنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشىنى قانۇنىي جەھەتتىن چەكلەشنى تەلەپ قىلغانلىقىنىمۇ ئاشكارىلىغان. پادىشاھ پەرىدەنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا چىدىمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا يۈز - ئابرويلۇق بىر پوپ پەرۇخقا دۇنيادا نىكاھدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ قايتا نىكاھلىق بولۇشىنى توسۇپ قالالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق، ئۇ ئىلگىرى خانىش بولغان ھالەتتىمۇ شۇنداق، دېگەنىدى.

پەرۇخ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. پەرىدەنىڭ ئاجرىشىشنى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەن. ئۇ يۈز - ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئەھۋالنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نىكاھدىن ئاجرىشىشقا قوشۇلغانىدى.

ئۇلار 1949 - يىلى نىكاھدىن رەسمىي ئاجرىشىدۇ. پادىشاھ پەرىدەدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ قىزىنى ئېلىپ كېتىشكە يول قويمايدۇ، شۇنداقلا يەنە مىسىردىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ پەرىدەنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىنى چەكلەپ، ئۇنى دېرەكسىز غايىب بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۈن - تۈنسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىماقچى بولىدۇ.

پەرىدەنىڭ دوستلىرى بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزمەي، پۇل خەجلەپ قاھىرەنىڭ سىرتىدىكى ئەل ئېھرام رايونىغا بىر كىچىك داچا سالدۇرۇپ، يىگىرمە يەتتە ياشلىق قىزىنى شۇ يەردە يالغۇز ياشاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پەرىدە باردى - كەلدى قىلىدىغان دوستلىرى، ھەمراھ بولىدىغان قوشنىسى بولمىغان، كىشىلىك دۇنيادىن خالىي، تەركى دۇنيالىق ھاياتىنى باشلايدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە داچىسىدا كۈنىنى كىتاب ئوقۇش، گېزىت كۆرۈش، مۇزىكا ئاڭلاش، كىنو كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. پەرىدە تاغىسىدىن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەنىدى. داچىدا ئۇنىڭغا ماي بوياق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى پۈتۈنلەي رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئىچ پۇشۇقى ۋە دەردىنى چىقىرىدۇ.

1952 - يىلى پەرۇخ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ پادىشاھ چەتكە پالىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر يۈز ئەللىك يىللىق تارىخقا ئىگە پەرۇخ پادىشاھلىقى كەلمەسكە كېتىدۇ. پەرىدە تەختتىن چۈشكەن پادىشاھنىڭ دەسلەپكى ئايالى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇزۇن يىلدىن ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۈنچە - مەرۋايىت، زىب - زىننەت بۇيۇملىرىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان ناسىر ھاكىمىيىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. يېڭى ھاكىمىيەت پەرىدەنىڭ بەش يىلغىچە چەتكە چىقىشىغا يول قويماسلىقنى قارار قىلىدۇ.

كېيىن ئۇ ئاخىرى ياۋروپاغا بېرىپ قىزلىرىنى كۆرۈشكە رۇخسەت ئالىدۇ. لېكىن ئۇ قىزلىرى بىلەن بىللە ياشىمىغاچقا، بىر بىرىدىن كۆڭلى يىراقلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ.

ياۋروپادا تۇرمۇش كەچۈرۈش مەزگىلىدە ئۇ داۋاملىق رەسىم سىزىپ، تەدرىجىي خېلى داڭقى بار رەسسام بولۇپ

قالىدۇ. ئۇ سىزغان رەسىملەرنىڭمۇ بازىـ
رى چىقىشقا باشلايدۇ. پـەردە ياۋروپا-
نىڭ ھەممە جايلىرىنى ساياھـەت قىلىپ،
1980 - يىلى مىسىرغا قايتىپ كېلىدۇ.
ئۇ مىسىردا قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا
ئېرىشىدۇ.

پەردە يۇرتى ئالىكساندىرىيە شەھە-
رىدە تۇنجى رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچىدۇ.
ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچىلار ئۇنى «ئالىلىرى»
دەپ ئاتىغاندا ئۇ «مېنـى پـەردە دەپ
چاقىرىۋېرىڭلار» دەيدۇ. بىرەيلەن ئۇنىڭدىن
نېمىشقا قىز ۋاقتىدىكى ئىسمى — سىفىنناس-
نى قوللانمىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ: «مەن
پەردە دېگەن ئىسمىنى ياقتۇرىمەن»
دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پەردە قايتا ياتلىق بولمايدۇ. ئۇ-
نىڭ تۇرمۇشى كـۈنسېرى غـۇربەتلىشىپ،
ئاخىرىدا رەسىم سېتىش ئۇنىڭ بىردىنـ
بىر كىرىم مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ
مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باش-
تىن - ئاياغ قاھىرەنىڭ مائاتى رايونىدىكى
ئۆچ ئېغىزلىق سارىيىدا تۇرىدۇ. ئۇ سا-
قايماس كېسەل — ئاق قان كېسەللىكگە گى-
رىپتار بولۇپ قېلىپ، كېسەل بىلەن ئەڭ
ئاخىرقى قېتىم ئېلىشىۋاتقان كۈنلىرىدە
مىسىر ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بارلىق داۋالـ
نىش راسخوتىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ ئالەمدىن
ئۆتكەندە يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇل قالمى-
غانىدى. قىزلىرى ياۋروپادىن مىسىرغا
كېلىپ ئاپىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قات-
نىشىدۇ. ھاياتىدا كۆپ جاپا - مۇشەققەت-
لەرگە ئۇچرىغان پەردە ئۆزىنىڭ ئاتمىش
ئالتە يىللىق ئۆمرىنى ئەنە شۇنداق
ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

پەردە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن،
مىسىر ھۆكۈمىتى داغدۇغىلىق تەزىيە پا-
ئالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. قاھىرەدىكى ئاخبا-
رات ۋاسىتىلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنى تەپسىلىي
تونۇشتۇرىدۇ. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، پەردە-
نىڭ ئىنىسى ئاچىسىنىڭ توي كۆڭلىكى-
نى كۆتۈرگەن شېرىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان
مىسىر تىياتىرخانىسىغا ئاچىسى ھايات ۋاق-
تىدا سىزغان بىر پارچە ماي بوياق رەسىمنى
تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ پەردەنىڭ ئەڭ ياخ-
شى ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، رەسىمدە
بىر دېھقان ئايالنىڭ ئوبرازى تەسۋىر-
لەنگەن. تىياتىرخانا باشلىقى بۇنى تىيا-
تىرخانا تاپشۇرۇپ ئالغان ئەڭ قىممەتلىك
سوۋغا دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مى-
سىر خەلقى ھاياتى تېراگېدىيە تۈسىنى
ئالغان بۇ ئاخىرقى دەۋر خانىشىنى مەڭگۈ
سېغىنىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ.

خەسەن تەرجىمىسى



# ئۈسمۈر بالىنىڭ ئادەمخور تىمساقنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشى

تىمساق ئۆمۈلىگۈچىلەر تۈرىدىكى
يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، ئافرىقا، ئاۋس-
ترالىيە ۋە ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئىسسىق
جايلاردا ياشايدۇ. سازلىق كۆللەر ئەترا-
پىدا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئۇۋىسى بولىدۇ،
ئۇلار بۇنداق جايلاردا توپلىشىپ يۈرىدۇ.
تىمساق ئادەم ۋە باشقا ھايۋانلارنى ئاسا-
سەن يېمەكلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز
قارىچۇقى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ئاغزى
ناھايىتى چوڭ. كىچىككىنە كەلگەن كۆزى
ئالاھىدە ئۆتكۈر بولۇپ، ئادەم سەللا
بىخەستەلىك قىلسا، ئۇ چاقماق تېزلىكى-
دە ئېتىلىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

بىر نۆۋەت، ئافرىقىدىكى مەلۇم بىر
جايدا بىر تىمساق بىر ئائىلىگە ھۇجۇم
قىلىپ، ئون نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئون تۆت
ئادەمنى يۇتۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن تىم-
ساقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يىرتقۇچ
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىراق، يەنە بىر قېتىم ئافرىقا قىت-
ئەسىدىكى كۇنگو دېگەن جايدا باشقىچە
بىر ئەھۋال يۈز بەرگەن، يەنى ئون ئالتە ياش-
لىق بىر ئوغۇل بالا بىر دانە تىمساقنى
بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. تىمساق دۇنياغا تۆ-
رەلگەندىن بۇيان، چوڭ بىر تىمساقنىڭ
كىچىككىنە بىر ئۈسمۈر بالىنىڭ قولىدا
جان بېرىشى تېخى تۇنجى قېتىمدۇر.

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قاش قا-
رايغان مەھەلدە، كۇنگو دەرياسىدا ئىككى
ئۈسمۈر بالا كىچىككىنە ياغاچ قولۋاقنى
ھەيدىگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇلار ئاكا - ئۇكا بولۇپ، ئاكىسىنىڭ ئىسمى
بېلى، ئىنىسىنىڭ ئىسمى بۇداگو ئىدى.
ئەسلىدە ئۇلار قولۋاق بىلەن دەريادا ئۆ-
زۈپ ئوينىغىلى كەلگەن. ئويۇنغا بېرىلىپ
كەتكەنلىكتىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى تۇي-
ماي قالغان. كۈن ئولتۇرغانلىقىنى كۆر-
گەندىن كېيىنلا، ئالمان - تالمان قولۋى-
قىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭغان.

بۇداگو پالاق ئۇرغاچ، غەرب ئاسمى-
نىدىكى كەچكى قۇياشقا نەزەر سېلىپ
كېلىۋېتىپ، تۇساتتىنلا يەتتە - سەككىز
يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى دەريا يۈزىدە بىر
تىمساقنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ ئۈ-
زۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ.

بېلىمۇ تىمساقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ:

— تىمساق، ئادەمخور تىمساق كېي-
لىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

يىراقتىكى سۇ يۈزىدە يېشىل قاس-
راقلىق تىمساقنىڭ بېشى، دۈمبىسى كۆ-
رۈنۈپ تۇراتتى. تىمساقنىڭ سۇنى دول-
قۇنلىتىپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، يىراق-

تىنلا سۇنىڭ «شار-شۇر» قىلغان ئاۋازىدىن بىلگىلى بولاتتى. مۇشۇ پەيتتە، قولۋاق دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئاز دېگەندە يەنە يېرىم سائەت ئۈزگەندە ئاندىن قىرغاققا يەتكىلى بولاتتى. كەينى تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقان تىمساق بولسا بىرنەچچە مىنۇتقا قالمايلا قولۋاققا يېتىشىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇنداق چوڭ تىمساققا تاقابىل تۇرالمايتتى. ئۇلارنىڭ تىمساقنىڭ «كەچلىك تامىقى» بولۇش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئارقىسىغا نەزەر تاشلىغانىدى، تىمساقنىڭ قىپقىزىل ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە، ئۆزلىرىگە ئون مېتىرچە كېلىدىغان ئارىلىققا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— جېنىڭنى ئېلىپ قاچ! — ئاكىسى بىلى ھودۇققان، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ۋارقىرىدى-دە، دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ، يېقىن ئەتراپتىكى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى.

- ئىنىسى بۇداگو ئاكىسىنىڭ سۇغا ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېشى كىچىك، كۈچى تېخىمۇ ئاز ئىدى. بۇ چاغدا تىمساق قولۋاققا ئىككى-ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان ئارىلىققا يېقىنلاپ قالغانىدى. مۇشۇ پەيتتە ئۇ پەقەتلا: قانداق قىلسام تىمساقنىڭ يەۋېتىشىدىن ساقلىنىپ قالالايمەن؟ دېگەن بىرلا ئىشنى ئويلايتتى. ھازىرقى پەيتتە بۇداگونىڭ تىرىك قېلىش-قالماسلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى.

توساتتىنلا، ھېلىقى تىمساق قولۋاقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن بېشىنى كۆتەرگىنىچە قولۋاققا قاراپ ئېتىلدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، بۇداگوغا غايىبتىن بىر كۈچ كىرگەندەك بولدى-دە، بىر تاقلاپلا قولۋاقنىڭ بېشى تەرەپكە ئۆتۈپ، غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ تۇرۇپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان تىمساقنىڭ دۈمبىسىگە سەكرەپ چۈشۈپ مىنىۋالدى. بۇداگو ئىككى پۇتى بىلەن تىمساقنىڭ بېقىنىنى چىڭ قىسىۋېلىپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بار كۈچى بىلەن چىڭ بوغدى.

تىمساق سۇدا غالجىرلىق بىلەن تىپىرلاشقا باشلىدى. بۇداگو ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ تۇرغان قولىنى ئازراقمۇ بوشاتمىدى. تىمساق ئامالسىزلىقتىن دەريادا ئالغا قاراپ ئۈزۈپ ماڭدى. بۇداگو تىمساقنىڭ بارا-بارا تىپىرلىماي جىمىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

بۇداگونىڭ ئىككى قولى يەنىلا تىمساقنىڭ گېلىدىن چىڭ بوغۇپ تۇراتتى. ئۇ تىمساقنىڭ بەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، قولى تىمساقنىڭ گېلىدىن ئاجراپ كېتىدىغانلا بولسا، تىمساقنى قايتىدىن كونترول قىلالماي، ئەكسىچە تىمساققا يەم بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ تىمساقنىڭ گېلىنى ئەنە شۇنداق بوغقىنىچە، دەريا يۈزىدە ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى.

بىر ھازادىن كېيىن، بۇداگو تىمساقنىڭ تۇيۇقسىزلا قىمىرمۇ قىلماي جىمىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ سەپسېلىپ قاراپ ئۆزىنىڭ سايازلىققا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

ئەجەبا، تىمساق سايازلىققا دەم ئېلىش ئۈچۈن چىققانمىدۇ؟ بۇنىسى ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز ئىدى، ھەم ئۇ كۆپرەك ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئۇ كۆڭلىدە خۇش بولدى. ناۋادا تىمساق قايتىدىن ئۇنى چىشلىمەكچى بولسا، ئۇ قۇرۇقلۇقتا بولغاچقا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتەلەيتتى. شۇڭا، ئۇ تىمساقنىڭ دۈمبىسىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، ئەسەبىيلەرچە نەچچە ئون قەدەم يۈ-

كۆرۈپ ئاندىن توختىدى. ئۇ كەينىگە بۇ-
رۇلۇپ، ئايدىڭ كېچىدە، ئۆزى «مىنىپ»
كەلگەن چوڭ تىمساقنىڭ سايازلىقتىكى
ئورنىدا قىمىرلىماي ياتقانلىقىنى كۆردى.

بۇداگو ئەجەبلەنگەن هالدا تىمساق-
قا يېقىنلاشتى، تىمساق ئاۋۋالقىدەكلا قى-
مىرلىماي يېتىۋەردى. بۇداگو يىراقتىن
يوغان بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تىم-
ساقنىڭ بېشىغا كۈچ بىلەن ئۇردى. نە-
تىجىدە، تىمساقنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ قارى-
چۇقى چاچراپ چىقىپ، كۆزى بەئەينى
بىر كىچىك تۆشۈككە ئوخشاپ قالدى.
شۇنداق بولسىمۇ، تىمساق قىمىرلاپمۇ
قويمىدى. ئۇنىڭ ئاغزى چىڭ يۇمۇقلۇق
پېتى تۇراتتى.

بۇداگو غەيرەتكە كېلىپ، زوڭزىيىپ
ئولتۇرۇپ سىنچىلاپ قاراپ، تىمساقنىڭ
سول كۆزىنىڭ چىڭ يۇمۇقلۇق تۇرغانلى-
قىنى كۆردى. ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ تىم-
ساقنىڭ گېلىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ
ئاللىقاچان نەپەس ئېلىشتىن توختىغانلىقى-
نى بايقىدى.

ئۇ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.
يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر تۈپ دەرەخ تۈۋى-
دىن بىرقانچە تال چىۋىق تېپىپ كېلىپ،
تىمساقنىڭ بوينىدىن باغلىدى - دە، ئۇنى
ئالدىغا قاراپ سۆرەشكە كىرىشتى. ئۇ تىم-
ساقنى بىردەم سۆرەپ، بىردەم دېمىنى
ئېلىۋېلىپ، مىڭبىر تەسلىكتە چىغىريول-
لاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى ئۆزى-
نىڭ ئۆيى ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

يىراقتىنلا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يى-
غا - زارە قىلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئائى-
لىسىدىكىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ، هەيرانلىق ئىچىدە يىغىسىنى
كۆلكىگە ئالماشتۇردى. ئۇنىڭ سوغا ئۆزى-
نى ئېتىپ قېچىپ قۇتۇلغان ئاكىسى هەم-
مىدىن بەكرەك خۇشال بولغانىدى.

ئانىسى ئون ئالتە ياشلىق ئوغلىنى باغ-
رىغا باستى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن نېمە
ۋەقەگە يولۇققانلىقىنى سوراشتۇرغىلى
تۇردى.

— ئاكاڭنىڭ قايتىپ كېلىپ دېگەن-
لىرىنى ئاڭلاپ، سېنى بۈگۈن چوقۇم
تىمساققا يەم بولدى، دەپ ئويلىغانتۇق،
ئەجىبا، تىمساق سېنى هېچنەرسە قىلماپ-
تىغۇ؟

— ئاپا، ئۇ تىمساقنى ئىشىك ئالدى-
غا ئەكىلىپ قويدۇم، چىقىپ ئۇنى ئۆيگە
ئەكىرىۋالايلى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، هەممەيلەن هاڭ-
تاڭ قېلىشتى.

ئەسلىدە، بۇ ئۆسمۈر بالا خەۋپ -
خەتەرگە يولۇققان ئاشۇ پەيتتە، هاياتى-
لىققا ئىنتىلىش تۇغما قابىلىيىتىنىڭ
تۈرتكىسى ئاستىدا، قورقۇشقىمۇ ئۈلگۈر-
مەستىنلا، تىمساقنىڭ گېلىنى ئىككى قولى
بىلەن بوغقاندا، ئۇنىڭدا غايىبانە بىر
كۈچ پەيدا بولغان. نەتىجىدە، گەرچە
تىمساق كۈچلۈك هەم يىرتقۇچ بولسىمۇ،
بۇداگونىڭ كۈچەپ بوغۇشىغا تاقابىل تۇ-
رالماي، نەپەس ئېلىشتىن توختىغان.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ تىمساق دەريا سۈ-
يى پەسىيىپ سايازلىققا چىقىپ قېلىش-
نىڭ ئالدىدىلا ئاللىقاچان تۇنجۇقۇپ ئۆل-
گەنىدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئاف-
رىقىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن مۇخبىر-
لار كېلىپ، ئۇلارنى زىيارەت قىلىشتى.

ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان ئون
ئالتە ياشلىق ئۆسمۈر بالا بۇداگونىڭ ئۆزى
يالغۇزلا چوڭ بىر تىمساقنى يەڭگەنلىكى
بىر مەهەل ئافرىقا گېزىتلىرىدىكى ئاجا-
يىپ خەۋەر بولۇپ قالدى.

ئابدۇۋايىت قاسىم تەرجىمىسى

## قۇياش ــ ئانا

**تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن**

قۇياشتىن نۇر ئالار جىمى مەۋجۇدات،
قۇياشسىز مەۋجۇت بوپ تۇرالماس ئالەم.
دۇنيانىڭ قۇياشى، تۆۋرۈكى ئانا،
ئانىسىز دۇنيادا ياشىيالماس ئادەم.

پۈتمەس نۇر بۇلىقى ئانىلار قەلبى،
ئانىسىز ئالەممۇ بولىدۇ خىرە.
ئانىلار جاھاننىڭ شادلىقى بەختى،
ھاياتلىق ئۇ بىلەن تۇرىدۇ ئۆرە.

تارىخنى ئۇزمەستىن كېلىدۇ ئۇلار،
ئەجرىدىن ئالتۇندەك قۇرلارنى يېزىپ.
ئانىلار ــ بۆشۈكى ئىنسانىيەتنىڭ،
ئۇنىڭسىز ھاياتلىق كېتىدۇ تېزىپ.

ئانىلار قىلغاندۇر ئادەمنى ئادەم،
ئانىلار قىلغاندۇر ئالەمنى ئالەم.
ئىنسانغا تېنىدىن قان ۋە جان بېرەر،
ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئەقىل بېرەر ھەم.

دۇنيادا تېپىلماس ئانىدەك ئۇلۇغ،
ئۇ بىلەن ئاتىلار ۋەتەننىڭ نامى.
ئانا ئۇ ئەزىزدۇر ۋەتەنگە ئوخشاش،
ئانا ئۇ مېھىر ۋە شەپقەتنىڭ كانى.

ئانىلار قەلبى كەڭ دېڭىزدەك چەكسىز،
شادلىق ۋە خاپىلىق كېتىدۇ سىغىپ.
ئالەمنى باسسىمۇ توپان بالاسى،
پەرزەنتىنى ئاسرار ئۇ باغرىغا تېڭىپ.

ئانىلار ئىزدەيدۇ پەرزەنتلىرىنى،
ئىنسانغا بەرسۇن دەپ بەخت بىلەن شان.
ئانىلار ئىزدەيدۇ تىنچ بولسا ئالەم،
شەپقەتلىك بولسا دەپ ئىنسانغا ئىنسان.

ئانىلار چىدام ۋە قۇدرەتكە بايدۇر،
ھەر جاپا ـ مۇشكۈلگە بېرىدۇ بەرداش.
پەرزەنتىنىڭ پۇتىغا گەر كىرسە تىكەن،
كىرپىكتە ئالار ئۇ تۆكمەستىن كۆز ياش.

ئانىلار ئىدراكنىڭ ئەقىلنىڭ شامى،
قاراڭغۇ دىللارنى تۇرار يورۇتۇپ.
كىمىكى ئۇنۇتسا ئانا لەۋزىنى،
جاھاندا ھەممىنى كەتكەي ئۇنتۇپ.

ئانىلار ئۆستۈرەر پەرزەنتلىرىنى،
جېنىدىن ئەزىز ۋە ئەتىۋا بىلىپ.
شۇلارنىڭ بەختىدىن سۆيۈنەر ئۇلار،
ئۆزلىرى مۇكچىيىپ كەتسىمۇ قېرىپ.

ئانىلار قۇياشى، نۇرى جاھاننىڭ،
ئانىسىز مەۋجۇت بوپ تۇرالماس ئالەم.
ئانىنى ھۆرمەتلە قىلغىن كۆپ ئىززەت،
بولاي دەپ ئويلىساڭ ھەقىقىي ئادەم.



## چىرايلىقمىك سەت كۆرۈنەر ئۆزگىگە

زەينەپ

چىللاقلاردا، چاي-تويلاردا، نەزىردە،
قوشنام ھەجەر ئورۇن ئالار ئوك تۆردە.
پەيزى كىيىپ ئەپچىلگىنە ياسانغان،
سالاپىتى تۆرگە خويمۇ ياراشقان.
بىراق، ئەپسۇس دەيمىز ئۇنىڭ ئىشىدىن،
خىجىل بولماس ھېچ سورۇندا كىشىدىن.
ئەگەشتۈرەر بىر جۈپ ئوغۇل-قىزىنى،
باسقانمىكىن ئانىسىنىڭ ئىزىنى.
ئىككى بالا پەرۋانە بوپ داستىخانغا،
قول ئۇزىتار پەرۋا قىلماي توسقانغا.
گاھى پەتنۇس، لىگەنلەرنى داپ قىلىپ،
قەن-گېزەككە ئېتىلىدۇ كاپ قىلىپ.
كۆز بېقىشار خىجىل بولۇپ مېھمانلار،
ياقا تۇتۇپ پىچىرلىشار «يائاللا».
بالىلىرىنىڭ قىلىقىدىن زوقلىنىدۇ،
نەخىجىللىق، شوخلۇقىدىن ماختىنىدۇ.
ھەيلى يېسۇن ئامال يوقكەن بۇنىڭغا،
ئارام بەرسە بولاتتىغۇ سورۇنغا.
ساھىبخانغا نېمە ئامال دەۋاغا،
چىداش كېرەك ئۆزى تاپقان بالاغا.
سورۇن ئەھلى دېمى سىقىپ چىدالماي،
يائىجازەت سوراپ بۇندىن چىقالماي.
نەپرەتلەندى ھەجەرخانغا ئىچىدىن،
ئۆكۈندۈرمەك بولدى قىلغان ئىشىدىن.
شۇنداق قىلىپ قالدى ئەلدىن، قاتاردىن،
ئاخىر ئىبرەت ئالدى قىلغان خاتادىن.
دال بولمىدى ئەرنىڭ مەنسەپ تاجىسى،
كەتتى قولدىن ئىززەت-ھۆرمەت بارچىسى.
ئاچچىق ساۋاق بولسۇن بۇ ئىش ھەممىگە،
چىرايلىقمىك سەت كۆرۈنەر ئۆزگىگە.

## ئۇيغۇر قىزىمەن

روزى سايىت

گۈلنىڭ ئۆزى مەن دوستلار،
«يۈرتنىڭ كۆزى» مەن دوستلار.
قەلبى ئۈز، شېرىن سۆزلۈك،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

شەمى بار، ھاياسى بار،
ئىپپەتتىن زىياسى بار.
بۇلبۇلدەك ناۋاسى بار،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

دوپپام يارىشار باشقا،
ئوسمام يارىشار قاشقا.
قۇندۇز چاچلىرىم بەلدە،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

دەۋران ئەركىنى بەرگەن،
ئەجرىم يۈرتقا گۈل تەرگەن.
قەلبىمدە بۈيۈك ئارزۇ،
ئۇيغۇر قىزىمەن دوستلار.

# ئاياللاردا ئۇچرايدىغان ئىششىق كېسەللىكى

ئىششىق دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇ باش، يۈز ۋە پۇتتا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئىششىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا يۈرەك، جىگەر، بۆرەك كېسەللىكلىرى، ئوزۇقلىنىش ناچارلىق، قان ئازلىق ۋە ۋىتامىن $B_1$ يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەر سەۋەب بولغاندىن تاشقىرى، ئاياللاردا تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىمۇ ئىششىق پەيدا بولىدۇ.

بەزى ئاياللاردا ھەيز مەزگىلىدىن كېيىنكى يېرىم ئايدىن باشلاپ ئىششىق پەيدا بولىدۇ، بولۇپمۇ كۆز قاپىقى بەكرەك ئىششىدۇ، قاپاق ئېغىرلىشىپ قالغاندەك، يۈزى چىڭقالغاندەك بىلىنىدۇ. قول بارماقلىرىنىڭ ئىششىشى ھەرىكەتنى ئەپسىز قىلىپ قويىدۇ. پۇتى ئىششىپ قالسا ئاياغ كىيگەندە پۇتنى قىسقاندەك بىلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتتا قول بىلەن پۇتنىڭ دۈمبىسى، ئوشۇق ئەتراپىنى باسسا ئويمان بولۇپ قالىدۇ. سۈيدۈك مىقدارى ئازلاپ، قورساق كۆپىدۇ. بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىششىق ھەيز ۋاقتى يېقىنلاشقاندا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەيز كەلگەندىن كېيىن سۈيدۈك مىقدارى كۆپىيىپ تەدرىجىي يانىدۇ. ھەيز كېلىش ئالدىدىكى بۇنداق ئىششىق، بەدەندىكى ئىچكى ئاجراتمىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەيز كېلىشنىڭ ئالدىدا ئانىلىق گورمونلارنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن سۇلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ھەيز مەزگىلىنىڭ يېرىم ئېيىدىن باشلاپ، سۇيۇقلۇق ۋە تۇزى كەم يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىش كېرەك.

بەزى سېمىز ئاياللار ئۇزاقراق ئۆرە تۇرسا، ئولتۇرسا، ياكى ئۇزۇنراق يول ماڭسىمۇ پۇتىنىڭ دۈمبىسى ۋە ئوشۇق ئەتراپىدا ئىششىق پەيدا بولىدۇ، ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەب، پۇت كۆك قان تومۇرلىرى ئەتراپىدىكى يۇمشاق ماينىڭ كۆك قان تومۇرلىرىغا قارىتا مېخانىكىلىق بېسىمى كەم بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ماڭغان چاغدا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پۇتتىكى قاننىڭ يۈرەككە قايتىشى قىيىنلىشىپ، توقۇلما سۇيۇقلۇقى تېرە توقۇلمىلىرىدا توختاپ قالىدۇ-دە، ئىششىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللاردا، پۇتنى ئىسسىق سۇغا چىلاش، كېچىسى ئۇخلىغاندا پۇتنى ئېگىز قويۇپ يېتىش كېرەك. بۇنداق قىلىش پۇت كۆك قان تومۇرلىرىدىكى قاننىڭ يۈرەككە قايتىشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئىششىق تېزلا يوقىلىدۇ. بەزى ئاياللارنىڭ ياز پەسلىدە ياكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مۇھىتتا ئىشلىگەن چاغلىرىدا پۇتىنىڭ دۈمبىسى، ئوشۇق ئەتراپى ئىششىپ قالىدۇ، چۈنكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا مۇھىتتا تېرە ئاستىدىكى قان تومۇرلار كېڭىيىدۇ، قىزىل قان تومۇرلىرى كېڭەيسە قىسمەن ئورۇندا قان كۆپىيىپ كېتىدۇ، كۆك قان تومۇرلىرى كېڭەيسە يۈرەككە قايتىدىغان قان مىقدارى ئازىيىپ، قىسمەن ئورۇندىكى قىل قان تومۇرلار ئىچىدىكى قان ئويۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە توقۇلمىلارنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان سۇ كۆپىيىپ ئىششىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ئىششىقنىڭ سالامەتلىككە تەسىرى بولمىغانلىقتىن، داۋالاش ھاجەتسىز.

## بالىلاردىكى زاكىدىن پەيدا بولىدىغان تېرە ياللۇغى

بالىلاردىكى زاكىدىن پەيدا بولىدىغان تېرە ياللۇغى بالىنىڭ كاسا قىسمىدىلا بولۇپ قالماستىن، ئەتراپتىكى تېرىلەرگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇ خىل كاسا ياللۇغى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار ۋە كىچىك بوۋاق بالىلاردا، يەنى زاكا ئىشلىتىدىغانلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ پەيدا بولۇشى تۆۋەندىكى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

(1) بالىغا ئىشلەتكەن زاكا چوڭ-كىچىك تەرەت بىلەن بۇلغىنىدۇ، ئەگەر زاكىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرمىغاندا، داكا بىلەن ئورالغان تېرە نەم سۈيدۈك لاتىسىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن تېرە ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ.

(2) بالىغا ئىشلەتكەن زاكىنى سوپۇنلاپ يۇغاندا ياخشى چايقىمىسا، سوپۇن قالدۇقلىرى شۇ ئورۇندىكى تېرىنى غىدىقلايدۇ، بەزىلەر، بالا كىچىك تەرەت قىلغاندىن كېيىن يۇماستىنلا قۇرۇتۇپ يەنە ئىشلىتىدۇ، نەتىجىدە ئاسانلا تېرە ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ.

(3) بالىنىڭ ئىچى سۈرۈپ قالغاندا، تولغاق كېسەللىرى بىلەن ئاغرىغاندا چوڭ تەرەتنىڭ تېرىنى غىدىقلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

(4) سۇلياۋ رېزىنكە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن زاكىنىڭ ئۈستىدىن ئوراپ قويغاندا بۇمۇ تېرە ياللۇغىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

زاكىدىن بولىدىغان تېرە ياللۇغى بالىنىڭ سىرتقى كۆپىيىش ئورگانلىرى، كاسا قىسمى چاتىرىقى، مەقەت ئەتراپىدا كۆرۈلىدۇ.

---

يەنە، بەزى ئاياللارنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئۆرە تۇرغان ياكى ئەمگەك قىلىپ چارچىغاندىن كېيىن بەدىنىدە ئىششىق پەيدا بولۇپ، سۈيدۈكى ئازلاپ، بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىدۇ. دەم ئالغاندىن كېيىن سۈيدۈك مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، بەدەن ئېغىرلىقى يېنىكلەيدۇ، ئىششىقمۇ تەدرىجىي يېنىپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ تېرەقان ئايلىنىشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، پۇتى دائىم سوغۇق تۇرىدۇ، تېرىسى يېرىلىك بولىدۇ. بەزىدە تېرىسىدە كۆك داغلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ، قىش كۈنلىرى پۇتى ئاسان ئۈششۈيدۇ.

بۇنداق چاغدا مۇۋاپىق دەم ئېلىشقا دىققەت قىلىپ، ئۇزاق ئۆرە تۇرۇش ۋە زىيادە چارچاشتىن ساقلىنىش، ھەر كۈنى چۈشتە بىردەم ئۇخلىۋېلىش لازىم. تۇزسىزراق تاماق يېيىش، ئۇسسۇزلۇقنى بەك كۆپ ئىچمەسلىك كېرەك، لېكىن سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش ياكى تاش پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چۈشلۈك ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا يېتەرلىك ئۇسسۇلۇق ئىچىش كېرەك، بۇنداق چاغدا سۈيدۈك راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس، دورا ئىششىقنى دەرھال ياندۇرسىمۇ، لېكىن دورىنى توختاتقاندىن كېيىن ئىششىق ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئەخمەتجان تەرجىمىسى

تېرە ياللۇغى بولغاندا بالا يىغلاپ بىئارام بولىدۇ، بولۇپمۇ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلغاندا ياللۇغلانغان تېرە ئېچى-شىپ بالا تېخىمۇ ئازاب چېكىدۇ، ئەگەر بۇ ئورۇنلاردا ئىككىلەمچى يۇقۇملىنىش بولسىمۇ، بالا قىزىرىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. زاكىدىن بولىدى-غان تېرە ياللۇغى بولۇپ قالغان بولسا قانداغ قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. يەرلىك ئورۇندىكى تېرە يەڭگىل هالدا قىزىرىپ قالغان بولسا هەرقېتىملىق چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئىلمان سۇ بىلەن ياكى تۆت پەرسەنتلىك دانىكا كىسلاتا سۈيى بىلەن پاكىز يۇيۇپ يۇمشاق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئازراق سۇماي (ئۆسۈم-لۈك مايلىرى) سۈرتۈپ قويسا بولىدۇ. قىزارغان ئورۇننى سوپۇن بىلەن يۇماس-لىق لازىم.

هاۋا كېلىماتى ئىسسىق ياكى ئۆيى-نىڭ تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق بولغان شارا-ئىتتا، بالىنىڭ تېرىسى قىزىرىپ قالغان ئورۇننى ئوچۇق قويۇپ، قۇرۇتۇش لازىم. قىش پەسلىدە سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ئېهتىيات قىلىش كېرەك، كۆن نۇرىدا قۇرۇغان كاسا قىسمىغا سىماي ياكى مەلهەم دورىسىنى سۈرۈپ قويۇش لازىم.

2. كاسا قىسمىدىكى تېرە ياللۇغى-نىڭ دەرىجىسى ئېغىرراق بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېنىك دەرىجىلىك تېرە ياللۇغى-نى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن پەرۋىش قىلىشتىن باشقا، قىزىرىپ شالۇەرى-گەن ئورۇنغا بېلىق مېيى سۈرتۈپ قوي-سىمۇ بولىدۇ. ئەگەر قىزىرىپ، ئەسۋەلەر يېرىلىپ كەتكەن بولسا سىنىك ئوكسىد مەلهەمنى سۈرتىلسە بولىدۇ. ئەگەر شال-ۋەرەپ، سۈيى چىقىپ كەتكەن بولسا، ئالدى بىلەن تۆت پەرسەنتلىك دانىكا كىسلاتا سۈيى بىلەن ئەمالىك ئۆتكۈزۈپ ئالدىن پارافىن يېغى ياكى چۈچۈتكەن سىرىيىغىنى سۈرتۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تانىنىك كىسلاتا مەلهەمى ياكى سىنىك ئوكسىدى مەلهەمى سۈرتۈپ قويسا، كېسەللەنگەن ئورۇن تېزدىن قۇرۇپ ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ، يۇقىرىدىكى داۋالاشلارنىڭ ئۈنۈمى بول-مىسا ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرغا ئاپىرىپ مۇ-ۋاپىق داۋالىتىش لازىم.

زاكىدىن بولىدىغان تېرە ياللۇغى-دىن پۈتۈنلەي ساقلىنىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى پەرۋىش قىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

(1) بىۋاقلارنىڭ زاكىسىنى ئۆز ۋاق-تىدا ئالماشتۇرۇش لازىم.

(2) چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن بالىنىڭ كاسا قىسمىنى ئىلمان سۇ بىلەن چايقاپ پاكىز يۇيۇپ يۇمشاق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتقاندىن كې-يىن ئۇيىلاپ ئاندىن زاكىلاش لازىم، بو-لۇپمۇ بالىنىڭ ئىچى سۈرۈپ قالغاندا، داكىنى يۆتكەپ، كاسا قىسمىنى ۋاقتىدا يۇيۇپ قۇرۇتۇشتىن باشقا يەنە كاسا قى-سمىغا سۇ يېغىدىن نېپىز سۈرتۈپ قويۇش لازىم.

(3)سۆلياۋ، رېزىنكە قاتارلىق نەرسى-لەرنى بىۋاسىتە زاكا قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم، شۇنداقلا زاكىسىنى بەك چىڭ ئورىماسلىق لازىم.

(4) بالىغا ئىشلىتىدىغان زاكا، يۇم-شاق، سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى كۈچلۈك بولغان، پاختا يىپتىن توقۇلغان رەختلەر-دىن بولغىنى ياخشى.

(5) سۈيدۈك لاتىسىنى يۇغاندا ئال-دى بىلەن سۇدا چايقىۋېتىپ ئاندىن سوپۇنلاپ يۇيۇپ، سۇ بىلەن پاكىز چاقاپ قۇرۇتقاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىش لازىم.

نۇرىمان

# «كۆپكۆك دوناي دەرياسى» ناملىق ۋالس

كەلدى باھار،
كۈلدى يەر ـ ئاسمان،
گۈدۈلدەشار بال ھەرىلىرى،
مەيىن شامال ئەگدى دەرەخ ئۇچىنى،
ھەر ياق گۈزەل، كۆركەم بىپايان.

«كۆپكۆك دوناي دەرياسى» ناملىق ۋالس مۇزىكىسى يۈز نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ شادىيانە، راۋان رىتىملىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى مەھلىيا قىلىپ، دۇنيانىڭ جىمىكى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ياڭراپ كەلدى. ئۇ ھەرقايسى دۆلەت، ئوخشىمىغان ياشتىكى تىنچلىقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ قالدى. بۇ مۇڭلۇق مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ دوستىڭىز بىلەن لەرزان تانسىغا چۈشكىنىڭىزدە، بۇ مەشھۇر مۇزىكىنىڭ كېلىش مەنبەئىنى بىلەمسىز؟

«كۆپكۆك دوناي دەرياسى» — مۇزىكا پادىشاھى دەپ نام ئالغان كىچىك جون ستراۋۇسنىڭ 1867 - يىلى ئىجات قىلغان ئەسىرى. بۇ دەل ئاۋستىرالىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، ۋېنا خەلقى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، مۇزىكىغا خۇشتار بۇ شەھەر ئىنتاسلىقتا چۆمگەن مەزگىل ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ستراۋۇس شائىر كارل پېبېكنىڭ «گۈزەل كۆك دوناي دەرياسى» دېگەن بىر كۇپلېت مۇھەببەت شېئىرىنى ئېسىگە ئالىدۇ. شائىر بۇ شېئىرىدا سۆيگىنىنىڭ كۆك كۆزلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. مۇھەببەتكە تولغان بۇ كۆپكۆك قارىچۇقتا سۈس يېشىل ۋە سۇررەڭ ئارىلاش كۆرۈنىدىغان دوناي دەرياسىنىڭ سۈيى قېنىق كۆككە ئۆزگىرىپ پارقىراپ كېتىدۇ. شائىر بۇ كۆك رەڭلىك دەريا سۈيى ئەكس ئەتكەن كۆزلەردىن تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنى كۆرىدۇ. شائىرنىڭ ھېسسىياتى ستراۋۇسنىڭ روھىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ ھېسسىياتقا تولغان ھالدا قەلەم ئوينىتىپ، بۇ مەشھۇر ۋالس مۇزىكىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. «كۆپكۆك دوناي دەرياسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ۋېنا خەلقىگە ئىلھام ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ۋېنا يەنە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ.

«كۆپكۆك دوناي دەرياسى» — «ۋېنا ۋالسى» شەكلىنى ئالغان. ئۇنىڭ رىتىمى ناھايىتى تېز بولۇپ، مىنۇتىغا 50 — 60 ئۇششاق رىتىملار ئورۇندىلىدۇ. «كۆپكۆك دوناي دەرياسى» مۇزىكىسى چېلىنىشى بىلەن كىشىلەر ھامان قايناق ھېسسىياتلىرىنى بېسىۋالالماي تانسىغا چۈشۈپ، ناھايىتى تېزلا شاد ـ خۇراملىققا تولغان بىر مەيداننى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى



## پىۋا بىلەن پاشا يوقىتىش ئۇسۇلى

ئۈچ مىللىلىتىردىن بەش مىللىلىتىرغىچە بولغان پىۋىنى، قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىسىغا قاچىلاپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويسىڭىز، پاشا پىۋا پۇرىقىغا كېلىۋاتقان بوتۇلكا ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىدۇ-دە، پىۋىغا تەگكەن ھامان چاپلىشىپ ئۆلىدۇ. بىر بوتۇلكا پىۋا بىلەن بىركېچە-كۈندۈزدە 100 دىن ئارتۇق پاشىنى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز سىناپ كۆرۈڭ.

## كىيىم ۋە نەرسىلەردىكى قورۇق، پۇرلەشلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى

سۇلياۋ يامغۇرلۇق چاپان: سۇلياۋ يامغۇرلۇق چاپان پۇرلىشىپ كەتسە 70°C لۇق ئىسسىق سۇغا ئۈچ مىنۇت چىلاپ قويۇپ ئاندىن ئۈستەلگە تۈز يېيىپ قويسىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ.

كۆڭلەك ياقىسى: كۆڭلەكنى بىرقانچە قېتىم كىيگەندىن كېيىن، ياقىسى پېتىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنداق كۆينەكنى پاكىزە يۇغاندىن كېيىن ياقىسىنىڭ ئارقىسىغا رەڭسىز سۇيۇق شىلىمنى تەكشى سۈركەپ بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن دەزماللىۋەتسىڭىز ياقا تىك تۇرىدىغان بولىدۇ.

ئۈنئالغۇ لىنتىسى: ئۈنئالغۇ لىنتىسىنىڭ پۇرلىشىپ كەتكەن يېرىنى ئەدىيال ياكى كىگىزگە ئوخشاش يۇمشاق نەرسىنىڭ ئۈستىگە تەكشى يېيىپ، قايناق سۇ قاچىلانغان ستاكاننى دەزمال ئورنىدا ئىشلىتىپ بىرنەچچە قېتىم ئۇياقتىن بۇياققا ماڭدۇرۇپ دەزماللىۋەتسىڭىز لىنتا يۇمشاقلىشىپ پۇرلىشىپ كەتكەن جايلىرى يوقىلىدۇ.

خۇرۇم كىيىم: دەزماللىنى ئازراقلا قىزىتىپ مايلىق قەغەزنى كىيىم ئۈستىگە يېيىپ ئۈستىدىن قايتا-قايتا دەزماللىسىڭىز پۇرلىشىپ كەتكەن جايلىرى تۈزۈلىدۇ.

خۇرۇم ئاياغ: ئايىقىڭىزنىڭ يۈزى قۇرۇلۇپ قالسا، ئالدى بىلەن پاكىزە لاتا ياكى چوتكا بىلەن سىزىقچىلار ئىچىدىكى چاڭ-توپىلارنى پاكىز تازىلىۋېتىپ ئاندىن ئازراق تۇخۇم ئېقىنى سۈركەپ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئاياغ مېيى بىلەن مايلاڭ، ئەگەر سىزىقچىلار چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن بولسا، سىزىقچىلارنى موم (نېفىت مومى) بىلەن تولدۇرۇپ، دەزماللاپ تۈزلىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

## چىش پاستىسىنىڭ رولى

كىيىمىڭىزدە ماي داغلىرى بولسا، ئازراق چىش پاستىسىنى تەگكۈزۈپ، بىرقانچە قېتىم يېنىك ئۇۋۇلاپ، ئاندىن سۈزۈك سۇ بىلەن يۇيۇۋەتسىڭىز چىقىپ كېتىدۇ.

بېلىق تازىلىغاندا، قولىڭىزدا بېلىق پۇرىقى قالسا، قولىڭىزنى بىر قانچە قېتىم سوپۇنداپ يۇيۇپ، ئاندىن ئازراق چىش پاستىسىنى قولىڭىزغا سۈرۈپ سۈزۈك سۇ بىلەن يۇيۇۋەتسىڭىز بېلىق پۇرىقى شۇ ھامان يوقايدۇ.

ئاسىيە ئەخمەت تەرجىمىسى

## سوپۇن پاراشوكىدىن پايدىلىنىپ گۈللەردە بولىدىغان ھاشاراتلارنى يوقىتىش

يازدا ئۆستۈرۈلگەن گۈللەردە كۆپىنچە ئاق تۇزغاق كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن، شاتىرا، تاۋۇزەك چاتقىلى، چۆل ياپۇزى، ئەتىرگۈل قاتارلىق گۈللەر ئاق تۇزغاق پىشتى يېتىلگەن قۇرتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئاسانلا ئۇچرايدۇ. جۈيخۇا، گىلاس گۈل، مارجانگۈل، لازا گۈل قاتارلىقلار بولسا كۆپىنچە قارا قانات يوپۇرماق پىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانىدا گۈللەرنىڭ ئۆسۈشى نورمال بولمايدۇ، شاخ-يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، غۇنچىلاپ ئېچىلمايدۇ. ئېغىر بولغانلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگەيدۇ، شۇڭا تەشتەكتىكى گۈللەرگە ھاشارات چۈشكەن ھامان سوپۇن پاراشوكىغا 800 — 1000 ھەسسە سۇ قوشۇپ پۈركۈگۈچ بىلەن يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈش لازىم. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق زىيانداش ھاشاراتنى بىر قېتىمدىلا تەلتۆكۈس يوقاتقىلى بولىدۇ. يەنە قايتا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىمەن دېسىڭىز يېرىم ئايدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم پۈركۈسىڭىزمۇ بولىدۇ.

سوپۇن پاراشوكى نېمە ئۈچۈن ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈش رولىنى ئوينىيالايدۇ؟ چۈنكى سوپۇن پاراشوكىنىڭ تەركىبىدە ناترىي ئالكىل بېنزول سۇلفونات دەيدىغان ئاكتىپ ماددا بولغانلىقتىن، زىيانداش ھاشارات ئۇنىڭغا يولۇققان ھامان ناھايىتى تېزلا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ. ئەمما گۈلنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، پاراشوكنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىر قېتىم پۈركۈگەندىن كېيىنمۇ زىيانداش ھاشارات يەنىلا ئۆلمىسە سوپۇن پاراشوكىنىڭ مىقدارىنى سەل ئاشۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن قوشۇلىدىغان سۇ مىقدارى 500 ھەسسىدىن كەم بولماسلىقى، پۈركۈگەندە ئىمكان قەدەر بارچە ئېرىتمىنى تەشتەكتىكى تۇپراققا ھەددىدىن ئارتۇق سىڭدۈرۈۋەتمەسلىك لازىم.

## زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاسراشنى بىلىۋېلىڭ

1. مەرۋايىتتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىغا ئەتىر چېچىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى ئەتىرنىڭ تەركىبىدىكى ئىسپىرت مەرۋايىتنىڭ سىرتقى يۈزىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

2. ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن مەرۋايىتنى ئۈچ سائەت دۇفۇ سۈيىگە چىلاپ قويسا پارقىراقلىقى ئەسلىگە كېلىدۇ.

3. ئالتۇن ئۈزۈكنى قولغا سېلىۋەرگەندە ئۇنىڭ پارقىراقلىقى يوقاپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا يۇمشاق لاتىغا ئازراق سودا تەككۈزۈپ ئۈزۈكنى سۈرتسە بۇرۇنقىدەك پارقىراق ھالىتىگە كېلىدۇ.

4. مەرۋايىت، مارجان، كەھرىۋا، ياقۇت، گۆھەر قاتارلىقلارنى سۇدا يۇيۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇنى ئاسان سۈمۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇسىڭىز قۇرۇغاندىن كېيىن يېرىلىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى تازىلاشقا توغرا كەلسە مەخمەل ياكى يۇمشاق لاتا بىلەن سۈرتۈپ تازىلاش كېرەك.

يارمەھەممەت تەرجىمىسى

## «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

ھۆرمەتلىك كىتابخان: يېڭى بىر يىلدا سىز ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە خىلمۇخىل كەشپىيات-مۆجىزىلەردىن داۋاملىق، ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلامسىز؟ ئۇنداق بولسا «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ.

«بىلىم-كۈچ» — تەبىئىي پەنلەر بويىچە ئىلىم-پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە نەشر قىلىنىۋاتقان ئومۇمىي ژۇرنال، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرى، جەمئىيەت، يېزا-قىشلاق ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ھەم ياشلارنىڭ ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

شۇڭا، سىزنىڭ ئىلىم-پەن بايىقىدىكى بۇ ھەممىسۇھبەتدىشىڭىز، خىزمەت ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك دوستىڭىز ھەم مەسلىھەتچىڭىز بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقىڭىزنى ئۈزۈپ قويماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. جايلاردىكى پوچتا تارماقلىرى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرى ئۈچۈن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا كىرىشىدۇ. پەيتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن ئۆز ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇشتەرى بولالمىغانلار ياكى ئۆتكەن سانلارنى سېتىۋالماقچى بولغانلار تەھرىربۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 15-58. ئايلىق باھاسى 40 فۇڭ.

«بىلىم-كۈچ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى — دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پايتەخت بېيجىڭدە چىقىرىلغان سىياسىي، نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك ئومۇمىي ژۇرنال بولۇپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى تەشۋىق قىلىدۇ. مەزكۇر ژۇرنال مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىلىم خاراكتېرى كۈچلۈك، قىزىقارلىق چىقىرىلىدۇ، ئۆز تەۋەلىك دائىرىسىدە ئاخبارات، نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب سادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىككى ئايدا بىر سان چىقىرىلىدۇ. ئايلىق باھاسى 0.40 يۈەن. پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 117 — 58. 10-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن ئېتىبارەن جايلاردىكى پوچتىخانىلار ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى باشلايدۇ. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

جوڭگو «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى مەلۇم قىسىمنىڭ بەرزەنتلەر مەكتىۋى مەكتەپكە قازاق بالىلارنى قوبۇل قىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى تەس بولۇشتەك ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەردى.



بۇ يىل 6-ئايدا، ۋۇجياچۈيدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدا، يىگىتوەن دۇيىنىڭ ۋەكىلى چېك ئاۋشيا ئاياللارنىڭ يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق بىلەن قارىغا ئېتىشتا بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.



ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىداۋان يېزىسى بىرا-سارار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىدىكى قىزلارغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.



يېزا ئىگىلىك 6-دىۋىزىيىسى قۇتۇبى دۆڭخۇ خىمىيە زاۋۇتى جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلاردىن بىر خىلى بۇ يىل 6-ئايدا خەلقئارا بازارغا سېلىنىپ ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە سېتىلىپ، 40 مىڭ



بېقىت بىنولوگىيە فىرىكاتىدارىسى كېتولوگىيە چارلاش 3-باشقارمىسى 1832-قوملۇقتا بەر تەۋرەشنى چارلاش دۆيدىكى قىزلار جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا يېرىپ ئىشلىمەكتە.

ھەن خاۋ، ۋاڭ ۋېيجۈن فوتوسى

